# تارىم غۇنچىلىرى



1

1985

AltunOq


1
2
3
4
5
6

## بۇ ساندا


يېڭى يىل دەققىلىرىدە ...... ئەخمەت ئىمىن 3
دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى ...... 5
تۇنجى قېتىملىق قەلەم ھەققى ...... شىرئەلى قاھار 10
ئاپا، مەنمۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلايچۇ! ...... چېن ۋېيدۇ 15
ئىشنى ئۆزەمدىن باشلايمەن ...... 17
زېمىنىمىزدە ...... ئابدۇقادىر يۇنۇس 20
ئادىلە ...... ئەبەيدۇللا ئىبراھىم 24
يۇلتۇز ...... باتۇر روزى 29
جېنىم ئانا ...... پەرھات مەمتىمىن 32
ئانامغا ...... تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم 33
تېپىشماقلار ...... ئابلىز ھىزىمۇپ 36
يۇلتۇز ئىزلەش ...... 38
ئېينىشتېيننىڭ «ئۇستاز» تۇتۇشى ...... 42
«ئۈيۈنچۈق سازلار سىمفونىيىسى» ...... 43
تالانت جاپالىق مېھنەتتىن كېلىدۇ ...... 45
پاۋلوپ ۋە كىچىك دوستلار ...... 50
كۆينەك رەڭگىدىكى ئىلمىلىق ...... 52
قىزىقارلىق ھېكايە ...... زوچېنكو 54
يېشىل گىيا ...... مەلىكە شىلىنتۇڭ 59
ئەكىس سادا ...... پىڭنۇي شياۋياۋ 61
شېئىرنىڭ كاراھىتى ...... 64

چوت ئۇگىنىشنىڭ پايدىسى.......................... 65
دوستلارغا تەكلىپ .................................... 66
مۇكاپات لوڭقىسى قانداق كېلىپ چىققان؟............... 69
توزىماس گۈل ......................................... 70
ئامېرىكا مەكتەپلىرىدە ................................ 72
ئۇلار جەمئىيەتتىن خەۋەرسىز قالغاندىن كېيىن......... 76
بۇگۈندىن باشلاپ ئۆزگەرتىڭ............................ 78
مېنىڭ ئۇيقۇم ئەمدى قاچمايدىغان بولدى................ 80
كىچىككىنە پاشىنىڭمۇ زىيىنى چوڭ....................... 81
قەنتنى كۆپ يېسىڭىز.................................... 82
خوراز بىلەن ئۆردەك.................................... 88
قاغىنىڭ قەسىمى ........................................ 86
زېھىن سىناش ئويۇنلىرى................................. 85
بۇ ھېسابىقىدە قاقىنىشىڭلار ............................. 94
ژورنىلىمىزغا ماقالا ئەۋەتىڭلار .......................... 95
مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: جاھانغا تېچلىق
مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە: ماھىنۇر ئانا بالىلار ئارىسىدا
مۇقاۋىنىڭ 3 - بېتىدە: ئاپا، مەن ساڭا مۇز چوكا
ئېلىپ قويدۇم...

**تارىم غۇنچىلىرى** (ئايلىق ئۇنۋېرسال ژورنال)
(1985 - يىل 1 - سان)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
مەملىكەت بويىچە ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى
مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سان 1 - ئاينىڭ 1 -
كۈنى نەشردىن چىقتى

**ژورنال نومۇرى: 36-58** **باھاسى 0.23 يۈەن**

# يېڭى يىل دەقىقىلىرىدە

ئەخمەت ئىمىن (نەسىر)

يېڭى يىلنىڭ كىرىش دەقىقىسىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش نەقەدەر كۆڭۈللۈك - ھە! شۇ تاپتا تالاي ئىنسانلار سائەتلەرگە دەممۇ - دەم قاراۋاتقاندۇ.

مەنمۇ سائەتكە دىققەت بىلەن قاراۋاتىمەن، سائەتنىڭ چىكىلداشلىرى ماڭا يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەشلىرىدەك بىلىنمەكتە، سىكۇنت ئىستىرېلكىسىنىڭ پىقىراشلىرى ماڭا تومۇرلىرىمدىكى قاننىڭ ئۇرغۇشىدەك سېزىلمەكتە. بىر خىلدا رىتىملىق مېڭىۋاتقان سائەتكە قارىغانسېرى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا سائەت ئەمەس، بەلكى ئۆز ئوقىدا ئاستا ئايلىنىۋاتقان يەر شارى گەۋدىلەنمەكتە.

ئەنە، مەن كۆرۈۋاتىمەن، يەر شارىنىڭ تېگىنى چىللاۋاتقان گىگانت خورازنى كۆرۈۋاتىمەن!

ئەنە، مەن كۆرۈۋاتىمەن، مومامنىڭ بېشىدىكى ئاق ياغلىقتەك ئاپپاق قارلارغا چۈمكەلگەن تەڭرى تاغلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن.

ئەنە، مەن كۆرۈۋاتىمەن، دومنا پېچلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يالقۇنلاردىن قىزىل گالستۇك رەڭگىگە كىرگەن ئاسمان بېتىنى كۆرۈۋاتىمەن.

دەستىگاھلار بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن توقۇمىچى ھەدىلىرىم، ئىستانوكىدىن ئۇچقۇن ئەمەس يۇلتۇز چاچرىتىۋاتقان ئىشچى تاغىلىرىم، ئەقىل بۇلىقىنى بولدۇقلى-

تىڭشاتقان ئالىم ئاتىلىرىم، كېسەللەرگە شىپالىق بېرىشاتقان دوختۇر ئاتىلىردىم، مېنىڭدەك كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىشاتقان باغۋەن ـ ئۇستازلىرىدىم، تىك قىيالاردا بۈركۈتتەك ھوشيار تۇرۇۋاتقان جەڭچى ئاتىلىردىم، ئۆز مېۋىسىنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقان دېخان ئاتىلىردىم... مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە.

ئۇلار غەيرەت تولپارىغا مىنىپ ۋاقىت دولدۇلى بىلەن بەيگىگە چۈشمەكتە؛ ئۇلار مېھنەت گۈل ـ چېچەكلىرى بىلەن يىل بوۋايىنىڭ ئېتىكىنى كۆممەكتە.

ئەنە، شىجائەت مەشئىلى شوخ يېلىنجاپ راسا كۆيمەكتە.

ئەنە، ۋاقىت ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلەر خوشال كۈلمەكتە.

مەن سائەتنىڭ چىكىلداشلىرىدىن زېمىننىڭ تىنىقىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

مانا، ئاخىرقى دەقىقە يېتىپ كەلدى! مانا، داڭ ئۇرۇلدى!

مەن داڭ ئاۋازىدىن ئالەمنىڭ مەغرۇر كۈلكىسىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

مەرھابا، يېڭى يىل، مەرھابا!

مەن ئىنسانىيەتنىڭ ئالقىش سادالىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

ئالغا! ئالغا! ئالغا!

مەن خەلقىمنىڭ كۈرەش مارشىنى ئاڭلاۋاتىمەن.

ئىخ، دوستلار، يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش نەقەدەر كۆڭۈللۈك ـ ھە!

ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ پارتلاش دەۋرى يېتىپ كەلدى. بىزمۇ پاراسىتىمىزنى ئۇرغۇتايلى! ئىرادىمىزنى چىڭىتايلى!

ئۈمىد بىزدە! ئۈمىد مۇشۇ دەۋرنىڭ كۈرەشچان ئوغلانلىرىدا!

Altun0q



# دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى

ئەي، دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى:

بەزىلەر بىر يىلنى 366 كۈن دەيدۇ، يەنە بەزىلەر بىر يىل دىگەن 365 كۈن بولىدۇ دەيدۇ. مەن ھەيران، بىر يىل زادى قانچە كۈن؟

ئۈرۈمچىدىن: قەھرىمان

ساۋاقداش قەھرىمان:

سىز بىر دەرەخنى ھەرە بىلەن توغرىغىنىڭىزدا، دەرەخنىڭ شۇ توغرالغان يۈزىدە قات-قات ھالقىسىمان سىزىقلارنى كۆرىسىز. دەرەخنىڭ يېشى ئەنە شۇ يىللىق ھالقىنىڭ يەنى چەمبەرنىڭ سانىغا تەڭ بولىدۇ. بۇنى كىشىلەر خېلى بۇرۇنلا بىلگەن. نەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئامېرىكىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى ۋېلس بىر خىل مارجان تېپىۋالغان. ئۇنىڭ پوستىدا «يىللىق ھالقا» بولۇپلا قالماستىن، يەنە «كۈنلۈك ھالقا» مۇ بار ئىكەن. بۇ خىل مارجان دېڭىزدا ئۆسىدىكەن. ھەر كۈنى ئۇنىڭ پوستىدا بىر دانە ھالقىسىمان سىزىقچە پەيدا بولىدىكەن. سىزىقچىلار بىر-بىرىگە زىچ بولۇپ، بىر يىلدا 365 دانە ھالقىسىمان چوڭ سىزىقچىنى پەيدا قىلىدىكەن. بۇ ھازىرقى بىر يىلنىڭ كۈن سانى بىلەن باپ-باراۋەر كېلىدۇ. لېكىن، ۋېلس يەنە 300 مىليون يىل ئىلگىرى تاشقائايلىنىپ كەتكەن بىر مارجاننى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ ھەر بىر

بوغۇمىدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 390 دىن 395 كىچىچە «كۈنلۈك ھالقا» بار ئىكەن. 400 مىليون يىل ئىلگىرى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن بىر مارجاندا «كۈنلۈك ھالقا» دىن 400 ى بار ئىكەن. بىئولوگىيە ئالىمى ۋېرس بۇ ھادىسىلەرگە ئاساسەن شۇ چاغدا بىر يىل 400 كۈن ئەتراپىدا بولغان دەپ پەرەز قىلغان.

ھازىرقى ئاسترونوملارنىڭ ئىلمىي ھېساۋاتى ۋېرس قىلغان پەرەزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. سۇنىڭ كۆتىرىلىپ ۋە پەسىيىپ تۇرۇشى قاتارلىق سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش سۈرئىتى ئاستا ـ ئاستا تۆۋەنلىگەن. تەخمىنەن ھەر 100 مىڭ يىلدا بىر كېچە ـ كۈندۈز 1.6 سېكۇنت ئۇزىرايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا بىر قېتىم ئايلىنىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت ئەزەلدىن ئوخشاش ئەمەس. ھازىر بىر سوتكا (بىر كېچە ـ كۈندۈز) 24 سائەت. بىرقانچە 100 مىليون يىل ئىلگىرى بىر سوتكا 20 سائەت بولغان بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇنداق بولغاندا، بىرقانچە يۈز مىليون يىلدىن كېيىن بىر سوتكا 30 سائەت بولۇشى، بىر يىل 300 كۈن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**ئەي، دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى:**



يېقىندا مەن «ۋۇداڭ مىزھىبى»، «ۋۇلىنژى»، «شاۋلىن ئىبادەتخانىسىدىكى راھىپلار» قاتارلىق كىنولارنى كۆردۈم. بۇ كىنولاردىكى بەزى ئەرتىسلار 3 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە لىككىدە سەكرەپ چىقالايدىكەن. دۆلىتىمىزنىڭ ئېگىزگە سەكرەش ماھىرى جۇجيەنخۇا 2.38 مېتىر ئېگىزلىككە سەكرەپ دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇۋەت-

تى. ئەمما ھىلىقى ئەرتىسلەر نىمە ئۈچۈن دۇنيا رېكورتىنى بۇزالمايدۇ؟

قۇمۇلدىن ھەسەنجان

**ساۋاقداش ھەسەنجان:**

ئەرتىسلەر ئۈنچىلىك ئىگىز سەكرىيەلمەيدۇ. بۇ پەقەت كىنوغا ئېلىش جەريانىدا قوللانغان ئەپچىل چارە. كىنونى سۈرەتكە ئالغاندا ئەرتىسلەر ئىگىزدىن - پەسكە سەكرەيدۇ. كېيىن لېنتىنى ئۆرۈپ قويسا «ئىگىز ئۆگزىلەرگە سەكرەپ چىقىش» تەك قىزىقارلىق كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، كىنو دىگەندە مۇبالىغە بولىدۇ - دە، شۇڭا ئەرتىسلەر دۇنيا رېكورتىنى بۇزالمايدۇ.

**ئەي، دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى:**

بىزگە كىتاپلاردىن مەلۇمكى، دېڭىز سۈيى تۇزلۇق بولىدۇ. مەكتەپتە مۇئەللىمۇ بىزگە شۇنداق ئۆگەتكەن. ئەمما، نېمە ئۈچۈن ئاشۇ تۇزلۇق دېڭىز سۈيىدە ئۆسكەن بېلىقلار تۇزسىز بولىدۇ؟

غۇلجىدىن: ئەسقەر

**ساۋاقداش ئەسقەر:**

ھايۋاناتلار نۇرغۇن ھۈجەيرىلەردىن تەشكىل تاپقان بولىدۇ. ھەربىر ھۈجەيرىنىڭ سىرتىدا بىر قەۋەت ھۈجەيرە پەردىسى بولىدۇ. تىرىك ھۈجەيرە پەردىلىرى ناھايىتى سەزگۈر بولۇپ، ئۇ ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مالېكۇلا ۋە ئىئونلارنى ھۈجەيرىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. كېرەكسىز نەرسىلەرنى زادىلا ئۆتكۈزمەيدۇ. دېڭىزدا ياشاۋاتقان بېلىق- لارنىڭ ھۈجەيرىلىرىگە ئانچە كۆپ تۇز كېرەك بولمايدۇ. شۇڭا بېلىقنىڭ ھۈجەيرە پەردىلىرى دېڭىز سۈيىدىكى تۇزنى

كۆپ قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭا دېڭىز بېلىقى تۇزسىزراق بولىدۇ.
ئەمما، بېلىق ئۆلگەن هامان بېلىقنىڭ هۈجەيرە پەردىلىرىمۇ ئۆلىدۇ - دە، دېڭىز سۈيىدىكى تۇز هۈجەيرىلەرگە كىرىدۇ، بېلىقمۇ تۇزلۇق بولىدۇ.

**ئەي، دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى:**

مەن بىر تەشتەك گۈل ئۆستۈرگەن ئىدىم، بىر كۈنى مۈشۈك تەشتەكنى ئۆرۈۋەتتى. مۈشۈككە ئاچچىقىم كېلىپ تەشتەكنى ئوڭشاپ قويمىدىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى قارىسام گۈل يەنىلا يۇقۇرىغا قاراپ ئۆسۈپتۇ. مەن هەيران قالدىم. بۇنىڭدىكى سەۋەپ نېمە؟

قەشقەردىن: ئەنۋەر

**ساۋاقداش ئەنۋەر:**

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ هەممىسى نۇرغا ئىنتىلىدۇ. گۈللەرنىڭ يۇقۇرىغا قاراپ ئۆسۈشىنى چوققا بىخ ئاجرىتىپ چىقىرغان تەسىر قوزغىغۇچى ماددا كونتىرول قىلىدۇ. گۈل تەشتىكى ئۆرۈلۈپ يانتۇ بولۇپ قالغاندىن كېيىن چوققا بىخ ئاجرىتىپ چىقارغان تەسىر قوزغىغۇچى ماددا ئۇچرىغان يەرنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ تەسىرى چوققا بىخنىڭ يەر يۈزىگە يېقىن تەرىپىگە مەركەزلەشكەن بولىدۇ. بۇ تەرەپتىكى هۈجەيرىنىڭ تەسىر قوزغىغۇچى ماددىنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈشى تېزرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن گۈل بېشىنى كۆتىرىپ يەنىلا يۇقۇرىغا قاراپ ئۆسۈۋېرىدۇ. تەشتەكنى يانتۇ قىلىپ قويۇشقىمۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، تەشتەكنى دۈم قىلىپ، گۈلنىڭ بېشىنى تۆۋەنگە قارىتىپ قويغان هالەتتىمۇ گۈل يەنە يۇقۇرىغا قاراپ ئۆسىدۇ. ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز سىناپ كۆرۈڭ.

**ئەي، دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى:**

خوشنىمىزنىڭ ئوغلى مەتكېرەمنىڭ قۇلىقى خۇددى مايمۇننىڭ قۇلىقىدەك ئالدىغا - كەينىگە مىدىرلايدۇ. مەن ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ خېلى ئۇزاقىچە ئۇرۇنۇپمۇ قۇلىقىمنى زادىلا مىدىرلىتالمىدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

خوتەندىن: مەتتوختى

**ساۋاقداش مەتتوختى:**

جەددى پوزىتسىيە بىلەن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ قۇلىقى مىدىرلىمايدۇ. ئادەتتىكى ھايۋانلاردىن تارتىپ ئالى دەرىجىلىك مايمۇنلارغىچە ھەممىسى ئوزۇق ئىزلەش ۋە دۈشمەنلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتە ئۆزىنىڭ سەزگۈر قۇلىقىغا تايانغان. ئۇلار شۇ قۇلىقى ئارقىلىق ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ قاياقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى، نېمىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگەن. شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ قۇلىقى مىدىراپ، ھەركەتلىنىپ تۇرغان. مايمۇنلار ئادەمگە ئايلانغاندىن كېيىن قۇلاقنىڭ بۇنداق زۆرۈرىيىتى بولمىغاچقا بۇرۇنقى مىدىرلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقان. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى مىدىرلاپ تۇرىدىغان قۇلاقلار بىر جايدا جىم تۇرىدىغان، يۆتكەلمەيدىغان، مىدىرلىمايدىغان قۇلاققا ئايلانغان. ئەمما، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەردە ئىرسىيەت گېنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن «نەسلىگە قايتىش» ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمىدا ئاتا - بوۋىمىز بولغان مايمۇنلارنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىگى پەيدا بولغان. بۇنداق ئالاھىدىلىكنىڭ بەدەنگە، سالامەتلىككە زىيىنى يوق. خوشنىڭىز مەتكېرەمنىڭ قۇلىقىنىڭ مىدىرلىشى يۇقىرىقىدەك ھادىسە بولسا كېرەك.



Altun0q



# ئەلا باھالانغان تاپشۇرۇقلار

## تۇنجى قېتىملىق قەلەم ھەققى

شىرئەلى قاھار

(ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇقسىز 2 - يىللىق 3 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)



بۇ ئىش باشلانغۇچنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا يۈز بەرگەن ئىدى.

بىر قېتىم، مۇئەللىم بىزگە: «ئۆزەڭلار خالىغان تېمىدا بىر ماقالا ياكى بىرەر ھېكايە يېزىپ كېلىڭلار» دەپ تاپشۇردى. مەن ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن خېلى كۆپ ئويلاندىم، ئاخىرى «مۈشۈك» دەپ تېما قويدۇم-دە، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى كىچىك ھېكايە قىلىپ يېزىپ چىقتىم. بۇنى بىر نەچچە قېتىم تۈزەتكەندىن كېيىن، دادامغا كۆرۈپ بېقىشقا بەردىم. دادام كۆرۈپ بولۇپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— تىلىڭنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خېلى ياخشى يېزىپسەن. «ئۆسمۈرلەر گېزىتى»گە ئەۋەتىپ بەرسەڭ بولغۇدەك، — دېدى. مەن دادامنى چاخچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، بۇ گەپكە ئېرەڭ قىلمىدىم.

ئەتىسى سىنىپتا مۇئەللىم بىزگە ئۆزىمىز يازغان ماقا-

لىلارنى بىر بىرلەپ ئوقۇتتى. نۆۋەت ماڭا كەلگەندە ھېلىقى
ھېكايەمنى ئوقۇدۇم، ئوقۇپ بولۇشۇمغا مۇئەللىم كۈلۈمسىرىد-
گەن ھالدا:

— ھېكايىنى ياخشى يېزىپسەن، بىرەر گېزىتكە ئەۋە-
تىپ بەرسەك بولغۇدەك، — دېدى.

يەكشەنبە كۈنى پوچتىخانىغا قاراپ ماڭدىم. بۈگۈن
ئاسمان ئىنتايىن سۈزۈك بولۇپ، ئالقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆ-
رۈنمەيتتى. يول ياقىسىدىكى دەرەخلەردە قۇشلار خوشال
سايرىشاتتى. مەن ئاشۇ قۇشلاردىنمۇ خوشال ئىدىم. ئۇ قۇش-
نىڭ ناۋاسىنى ئەتراپىدىكىلەرلا ئاڭلىيالىسا، مېنىڭ ھېكايەم-
نى ئەڭ يىراقتىكى دوستلىرىممۇ ئاڭلىيالايدۇ. مەن شۇنداق
قىن-قىنىمغا پاتمىغان ھالدا پوچتىخانىغا يېتىپ كەلدىم.
ھېكايەمنى پوچتىغا سېلىپ بولۇپ، ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ
كەلدىم-دە، ئاتا-ئانامنىڭ ئىشلىرىغا ھەمكارلاشتىم. شۇ
كۈنۈم ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

نۇرغۇن كۈنلەر شۇنداق تەقەززالىق بىلەن ئۆتتى.
دەل بىر يېرىم ئايدىن كېيىن، مەن «ئۆسمۈرلەر گېزىتى»دە
ھېكايەمنى كۆردۈم ۋە دەرستىن چۈشۈش بىلەنلا ئۆيگە
يۈگۈردۈم...

دادام گېزىتتىكى ھېكايەمنى كۆرۈپ مېنى ماختى-
دى ۋە:

— بالام، بۇنىڭلىق بىلەن مەغرۇرلىنىپ كەتمەي، تېخى-
مۇ تىرىشىپ ئۆگەنگىن، — دېدى. ئۆيدىكى باشقىلارمۇ ئىنتا-
يىن خوشال بولۇشتى.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پوچتالىيون
تاغا ماڭا بىر چەكنى ئەكىلىپ بەردى. چەكتىكى ئۆز ئىسمىنى

كۆرۈپ، ئەڭكىنچى قېتىم يەنە شۇنداق بىر خوشال بولدۇم ۋە ئۇدۇل كىتاپخانىغا ماڭدىم. ماڭا، 2.50 يۈەن قەلەم ھەققى كەپتۇ، بۇ پۇلغا بىرنەچچە كىتاپ سېتىۋالا ـ لايمەن ـ دە! كىتاپخانىنى بىر ئايلىنىپ بىرنەچچە كىتاپنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم ـ دە، پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن پوچتىخانىغا يۈگۈردۈم. پوچتىخانىغا ئالدىراپ كىردىم ـ دە، چەكنى خىز ـ مەتچى ھەدىگە تەڭلىدىم. ئۇ ھەدە مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا، چېپىلداپ تەرلەپ كەتكەن يۈزۈمگە بىر خىل ئىشەنمەسلىك بىلەن قاراپ چىقتى. يۈكەي ئەتراپىدا تۇرغان بىرنەچچە چوڭ كىشىمۇ بىر ـ بىرسىگە قارىشىپ ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈردى ھەم پىچىرلاشتى، مەنمۇ تەمتىرەپ قالدىم. ئۇلار مېنى كىچىك چاغلاۋاتقان بولسا كېرەك. لېكىن مەن 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى ـ دە! ھېلىقى ھەدە ماڭا بىر خىل سوغاق مۇئا ـ مىلە بىلەن:

— ئۆيۈڭنىڭ نوپۇس دەپتىرىنى ئېلىپ كەل! — دېدى.

مەن بۇ قېتىم ئانچە خاپا بولمىدىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ خىز ـ مەت تۈزۈمى مۇشۇنداق بولسا كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ھايال ئۆتمەيلا نوپۇس دەپتىرىنى ئېلىپ كەلدىم. ئەستاغپۇرۇللا، كىتاپخانا تاقالماستا ھېلىقى كىتاپ ـ لارنى سېتىۋالسام بولاتتى... ھەسرەپ ـ ھۆممەدەپ كىردىم ـ دە، نوپۇس دەپتىرى بىلەن چەكنى ھېلىقى خىزمەتچى ھەدىگە تەڭلىدىم. ھەدە نوپۇس دەپتىرىنى بىر ھازا ۋاراقلىدى ۋە چەكتىكى ئىسىم بىلەن سېلىشتۇردى. ئۇ بىر بىردەم تۇرۇ ـ ۋالغاندىن كېيىن يەنە ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي:

— ئۇكام، ئۆيۈڭدىن بىرەر چوڭ كىشىنى باشلاپ كەل ـ گىن، — دېدى.

بۇ قېتىم راستىنلا ئاچچىغىم كەلدى. ئەگەر ئەتراپىم-دا جىق ئادەملەر بولمىغىنىدا، ئاچچىغىمدىن يىغلاپ تاشلى-غان بولاتتىم. بۇ ھەدە ماڭا نىمىشقا ئىشەنمەيدىغاندۇ. بەلكىم مېنى كىچىك چاغلاۋاتقان بولسا كېرەك.

ئۈرۈمچى لۇداۋان كۆمۈركانىدىكى بىر ئىشچى تاغىنىڭ ئالىم دىگەن 12 ياشلىق ئوغلى ئۆتكەن 1982 - يىلى بىنگال دۆ-لىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئۈسمۈرلەر رەسىم مۇسابىقىسىدا ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. مېنىڭ شۇنچىلىك بىر كىچىك ئىشنى قىلالىغانلىقىمغا باشقىلار نىمىشقا ئىشەنمەيدىغاندۇ. رادىيو ۋە گېزىتلاردا ياش - ئۈسمۈرلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، بىز ئۇلارغا ئىشىنىشىمىز لازىم، دەيدۇ. لېكىن، بۇ ھەدە 2.50 يۈەن پۇل ئۈچۈن مېنى نىمىشقا ئالداپچى قاتارىدا كۆرىدىغاندۇ. مەن مەيۈسلەنگەن ھالدا پوچتىخانىدىن چىقتىم. ھەي، كىتاپ سېتىۋېلىشىمۇ بىكار بولىدىغان بولدى...

مەن ئۆيگە كىرىپلا «پاك» كىدە يىغلىۋەتتىم. دادام جىددىيلىشىپ:

— بالام، نىمە بولدۇڭ، بىرەرسى بوزەك قىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى. مەن يىغلاپ تۇرۇپ بولغان ئىشلارنى دادامغا سۆزلەپ بەردىم. دادام ماڭا تەسەللى بېرىپ:

— بالام، بولدى يىغلىما، مەن سەن بىلەن بىللە باراي، — دىدى.

مەن ئۈمىتسىزلەنگەن ھالدا دادام بىلەن 3 - قېتىم پوچتىخانىغا قاراپ ماڭدىم. يولدا دادام بىلەن بىللە كېتىۋاتساممۇ، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ماڭا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى.

بىرنەچچە قېتىم پوچتىخانىغا بېرىپ - كېلىش جەريا-

ندا چەكنى يۇرلاپ تۇتۇپ، تەر قواۋم بىلەن ئۇنى كىر-لەشتۈرۈۋەتكەن ئىدىم.

— بالام، چەكنى بەك كىرلەشتۈرۈۋېتىپسەن، پۇلنى بەرمەي قويارمىكىن، — دېدى دادام قولۇمدىكى چەكنى ئېلىپ.

ئۇ كۆكۈلۈمنى ياساپ يەنە شۇنداق دېدى، — ئەگەر پوچتىخانىدىن پۇلنى ئالالمىساق، ئۆزەم ساڭا پۇل بېرەمەن.

لېكىن، نېمىلا دېگەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئەمگىكىگە تايىنىپ تاپقان پۇلغا يەتمەيدۇ-دە!

بۇ قېتىم ھېلىقى ھەددە دادام بىلەن كەلگىنىمنى كۆرۈپ بىر ئاز ئوڭايسىزلاندى.

— مەن تېخى بۇ بالىنى چەكنى بىر يەردىن تېپىۋالدىمىكىن دەپتىمەن، — ئۇ دادامغا شۇنداق دېدى-دە، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا پۇلنى بىزگە بەردى.

دادام ئىككىمىز پوچتىخانىدىن چىقىپ ئۇدۇل كىتاپخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق.

## توك ئۆتمەيدىغان نەرسە

(يۇمۇر)

ئوغلى: ئانا، تىراھۋاي نېمە ئۈچۈن ماڭالايدۇ؟

ئانىسى: چۈنكى، ئۇنىڭغا توك ئۆتكۈزگەن-دە، شۇڭا ماڭالايدۇ.

ئوغلى: ئۇنداقتا توڭلىتىش ماشىنىسىغىمۇ توك ئۆتىدۇ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ماڭالمايدۇ؟

ئانىسى: توڭلىتىش ماشىنىسىغا توك ئۆتكەچكە، نەرسىلەرنى توڭلىتىدۇ-دە.

ئوغلى: ئۇنداقتا دەزمالغا توك ئۆتكۈزسە، نېمە ئۈچۈن توڭلىماستىن قىزىدىپ كېتىدۇ؟

ئانىسى: ئۇنىڭ ... ئۇنىڭ ...

**خەنزۇچىدىن: دىلمۇرات ئابلەق تەرجىمىسى**



AltunOq

# ئاپا، مەنمۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلايچۇ؟

## چېن ۋېيدۇ

(تەيۋەن تەيبى شەھىرى يۇڭشىڭيۇ باشلانغۇچ 6 - يىللىق 10 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

ئۆيدىكى مەڭگۈ قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئىشلار ئاپامغا قاراشلىق. ئاپام بىردەم ئۇ ئىشنى قىلسا، بىردەم بۇ ئىشنى قىلىدۇ، كۈن بويى ئۆيدە پايىپېتەك بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ كەچلىك تاماق ئېتىدۇ، ئۆيدىكىلەر تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يېرىم سائەتتەك ئاۋارە بولۇپ قاچا - قۇچىلارنى يۇيىدۇ. ئۆيدىكىلەر مونچىدا يۇيۇنۇپ چىقسا، بىرمۇنچە كىر - قاتلار دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ. مەن ئەتە ئەتىگەندە مەكتەپكە ئاپىرىپ مەزە قىلىپ يېيىشىم ئۈچۈن، ماڭا يەنە ئوخشىتىپ سەي قورۇپ بېرىدۇ. ئاپام ھەر ۋاقىت ئۆيدىكىلەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ.



ئاپامنىڭ جاپاكەشلىكىگە قاراپ بەكمۇ بىئارام بولىمەن. مۇبادا ئاپام ئۆي ئىشلىرى بىلەن چارچاپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا قانداقمۇ قىلارمىز؟ مەن ئاخىر ئاپامغا:

— مەن سىزگە ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەي! — دىدىم. ئاپام بولسا:

— بېرىپ كىتاۋىڭنى ئوقۇ، سەن تېخى كىچىك، ئۆي ئىشلىرىنى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايسەن. ماڭا ئىمتىھاندا بىرىنچى بولۇپ بەرسەڭلار بولدى، — دەپ ماڭا ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇزمىدى. راستىنى ئېيتسام: مەن ئاپامنىڭ دېگىنىدەك ئۇنچە پالاكەتمۇ ئەمەس ئىدىم. ئالاجىسىزلىقتىن، ئۆگىنىش قىلغىلى ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. تۇساتتىن، ئاشخانا ئۆيىدىن «جاراڭ!» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاپام ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كېتىپ چىنىنى سۇندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاشخانا ئۆيگە شۇنداق ماردىشىمغىلا ئاپام مېنى كۆرۈپ قالدى، ئەمدى يەنە تىل ئىشىتىدىغان بولدۇم.

ئاپام پەقەت مېنىڭ دەرستە ۋە ئەخلاق-پەزىلەتتە ياخشى بولۇشۇمنىلا ئۈمىت قىلىدۇ. ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەي دېسەم ھەرگىز ئۇنىمايدۇ. بىراق، خەقلەر ئۆي ئىشلىرىنى قىلالايدىكەنۇ، مەن نېمىشقا قىلالمايدىكەندەن؟ مەن ئۆگىنەي دەيمەن، ئەمما ئاپام ئۇنىمايدۇ. ئاپا، مەنمۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلايچۇ! ئۆگىنىشىمگە دەخلى يەتكۈزمەي بۇرۇنقىدەكلا يەنە ئوبدان ئۆگىنىۋېرەتتىم...

**خەنزۇچىدىن تۇرغۇن تەرجىمىسى**

## ئىشىنىش ئىشەنمەسلىك ئۆزىڭىزدە

ئادەتتە، چىۋىن پۇتى ئارقىلىق نەرسىلەرنى سېزەلەيدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش. لېكىن چىۋىننىڭ پۇتىنىڭ سېزىمچانلىقى ئادەمنىڭ تىلىنىڭ سېزىمچانلىقىدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق.

# ئەشنى ئۆزەمدىن باشلايمەن

تومۇز مەزگىلى باشلانغان. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىش ئىمتىھان قەغەزىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تازا ئالدىراش باسقۇچتا ئىدى. كىشىنىڭ دىمىنى سىقىدىغان ئىسسىق ھاۋا دەرىزىدىن كىرىپ تۇراتتى. يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچىلار تەرلەپ پىشىپ، جوزىلىرىدا ئېگىشىپ ئولتۇرۇپ قەغەز تەكشۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈرەك قېنى سىڭگەن ھەر بىر ئىمتىھان قەغىزىگە مۇۋاپىق نومۇر قويۇۋاتاتتى.

3 خىل دەرستىن ئىمتىھان نەتىجىسى 270 كە يەتكەنلەرلا نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرەلەيتتى. شۇڭا بۇ چاي مىڭلىغان ئوقۇغۇچى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆزى تىكىلگەن ئورۇن ئىدى!

مانا تەكشۈرۈشكە مەشغۇل بولغان جاڭ فامىلىلىك مۇئەللىم بىر يۇتۇم چاي ئوتلىۋېلىپ، باسما مېيىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان ئىمتىھان قەغەزىدىن يەنە بىرىنى قولىغا ئالدى. بۇ ئىمتىھان قەغىزىنىڭ نومۇرى 4490 ئىدى.

«ئىشنى ئۆزەمدىن باشلايمەن، ھازىردىن باشلايمەن» دېگەن ئىمتىھان تېمىسىنىڭ ئاستىغا تۆۋەندىكى قۇرلار قەلەم بىلەن چىرايلىق، رەتلىك قىلىپ يېزىلغان ئىدى:

«تۈنۈگۈن ئانام باشقا بىرسىگە يازغۇزغان بىر پارچە ماقالىنى ئېلىپ كەلدى ـ دە، ماڭا يادلىۋېلىشنى سىرلىق ھالدا تاپىلىدى. ماقالىنىڭ تېمىسى دەل «ئىشنى ئۆزەمدىن باشلايمەن، ھازىردىن باشلايمەن» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. دېمەك، ئانامنىڭ ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرۈپ، تىڭ ـ تىڭلاپ ئىمتىھان سوئالىنى بىلىۋالغانلىقى ناھايىتى روشەن ئىدى.

مۇشۇنداق قىلىش قەلبى بىلەن ھەركىتى گۈزەل بولغانلىقمۇ؟

كېچىچە ئىدىيەمدە كەسكىن كۈرەش بولدى. ئائىلىمىزدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىر بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى

ئاكام خىزمىتىنى يەڭگۈشلىگۈسى كەلگەندە، ئانام ھەريان قاتراپ يول ئىزلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكامنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى.

ئاچام مودا ناخشىلارنى ئۆگەنمەكچى بولۇۋىدى، ئانام تونۇش-بىلىشلىرىدىگە تېلېفون بېرىپ ھاۋالە قىلىپ يۈرۈپ، 4 كانايلىق ئۈنئالغۇدىن بىرنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كارۋىتىنىڭ بېشىدىكى شىرەگە قويۇپ بەردى.

ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەپتۇ (مەنىڭ ئانامغا ئىمتىھان سوئاللىنى تىلىڭ-تىلاپ بەرگىن دىگەن ئەمەس) مۇئەللىم پارتىيە ئىستىلىنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك، دۆلەتنىڭ گۈللەپ-ياشنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىغا مۇناسىۋەتلىك، دىگەن ئىدى. دادام، ئانالار كوممۇنىست تۇرۇپ، قىپ-قىزىل دۆلەت بايرىقىغا نىمىشقا داغ چۈشۈرىدۇ؟

ھازىر «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل»نىڭ باھار شامىلى ۋەتىنىمىزنىڭ بىپايان زىمىنىنى قاپلىماقتا. شۇنداقلا بىز مىليونلىغان ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلبىنى ئىللىتماقتا.

مەن ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئۆز كۈچۈمگە تايىنىپ ئىمتىھان بېرىپ، نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىمەن.

مەن ئىشنى ھازىردىن باشلاپ، ئۆزەمدىن باشلاپ قەلبى گۈزەل، ھەركىتى گۈزەل يېڭى ئۆسمۈرلەردىن بولىمەن!»

كۆرۈپ شۇ يەرگە كەلگەندە جاڭ مۇئەللىم ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئىمتىھان قەغىزىنى ئېلىپ رەھبەرلەرنىڭ ئىشخا-

نىسىغا قاراپ يۈگۈردى...

بىرمۇنچە ئەگرى - توقايلىقلار ئارقىلىق ئىشنىڭ تېگى - تەكتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش گۇ - رۇپپىسى 4490 - نومۇرلۇق ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپكە كىرىش مەسىلىسى ھەققىدە بىر قېتىم مەخسۇس يىغىن ئۆتكۈزدى. بەزىلەر:

— ئوقۇغۇچى ئىمتىھان سوئالىنى ئالدىن بىلىۋالغان ئىكەن، بەلگىلىمە بويىچە قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ، — دېيىشتى.

— سوئالنى ئاشكارىلاپ، ساختىپەزلىككە ئارىلاشقان ئادەمنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىش كېرەك، — دېيىشتى يەنە بەزىلەر.

جاڭ مۇئەللىممۇ ناھايىتى ھاياجانلانغان ئىدى. ئۇ قولىبىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا 4490 - نومۇر - لۇق ئوقۇغۇچى باشقىلار يېزىپ بەرگەن ماقالىنى كۆچۈرمەيلا قالماستىن، يەنە ئادالەت يولىدا يېقىنلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ۋەقەنىڭ ئەينىنى پاش قىلىپ، ناتوغرا ئىستىلغا قارشى تۇر - غان. 12 ياشلىق بالىنىڭ ھالقىلىق پەيتتە مۇشۇنداق قىلىشنى تاللىۋالغانلىقى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ پاكلىقىنى، ئەخلا - قىي - پەزىلىتىنىڭ ئوبدانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كارا - مەت ياخشى بىر ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرغان. 4490 - نومۇرلۇق ئوقۇغۇچىنىڭ 3 دەرستىن ئالغان ئومۇمىي نومۇرى 272 گە يەتتى. مەن ئۇنى نۇقتىلىق ئوت - تۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىشنى تەكلىپ قىلىمەن. مۇشۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى يېتىشتۈرەلىسەك، بىز ئوقۇتقۇچىلارمۇ خاتىر - جەم بولىمىز ھەم ئىشەنچكە ئىگە بولىمىز! — دېدى.

جاڭ مۇئەللىمنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقى - شىغا ئېرىشتى.

خەنزۇچىدىن: دىلنۇر ئابدۇللا تەرجىمىسى




ئابدۇقادىر يۈنۈس

كىچىك دوستلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىزنىڭ ئانا ماكانىمىز. بىزنى ئۆستۈرگەن ئالتۇن بۆشۈك. بىز ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىمىز. تەبىئىي مەنزىرىسى گۈزەل، ماددىي بايلىقلىرى كۆپ، تەبىئىي شەرت-شارائىتى ئەۋزەل بۇنداق ماكان دۇنيادا كەم ئۇچرايدۇ. شىنجاڭ خۇددى گېئولوگىيىلىك موزېيخانىغا ئوخشايدۇ. ئۆز يۇرتىنى تولۇق چۈشەنمىگەن كىشىنىڭ ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر بولالىشى ناتايىن. شۇڭا بۇ گۈزەل يۇرتىمىزنىڭ جۇغراپىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم.

شىنجاڭنىڭ مەيدانى 1 مىليون 660 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭ زېمىنىنىڭ چوڭلۇقى جەھەتتە دۇنيادا 19 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ 140 خىلدىن كۆپ كان مەھسۇلاتلىرىنىڭ 118 تۈرى شىنجاڭدىن چىقىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كان مەھسۇلاتلىرى ئەزەلدىن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ كەلدى، بىر قىسىم مەھسۇلاتلار مەملىكىتىمىز بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

كىچىك دوستلارنىڭ بىلىۋېلىشى ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە خىلمۇ - خىل بايلىقلىرىنى بىرمۇ - بىر تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

## مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق ئويمانلىقى

تيانشان تاغلىرى بىلەن كۇئېنلۇن تاغلىرى ئارىسىغا چەكسىز كەتكەن تارىم ئويمانلىقى جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمالدىن جەنۇپقىچە كەڭلىكى 520 كىلومېتىر كېلىدۇ، (كىرىيەدىن كۇچارغىچە)، شەرقتىن غەرپكە بولغان ئۇزۇنلۇقى 1300 كىلومېتىر كېلىدۇ (قەشقەردىن لوپنۇرغىچە). بۇ ئويمانلىق يەر تۈزۈلۈشى جەھەتتىن غەربىي جەنۇپتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ يانتۇلىشىپ باردۇ. بۇ هال بىزگە تارىم دەرياسى نىمە ئۈچۈن تيانشاننى بويلاپ شەرققە ئاقىدىغانلىقىنى؛ كۇئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلانغان دەريالارنىڭ نىمە ئۈچۈن جەنۇپتىن شىمالغا قاراپ ئاقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى سۇ ئاجراتقۇچ تاغلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوشقاندا، بۇ دائىرە پۈتۈن شىنجاڭ يەر مەيدانىنىڭ 59.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ ئويمانلىقتا مەشھۇر تارىم دەرياسى ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ھاۋزىلىرىنىڭ مەيدانى 972 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى بۇ ئويمانلىقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. شۇڭا بۇ يەرنىڭ ئىقلىمى ئىنتايىن قۇرغاق. تەكلىماكان ئويمانلىقى نېفىت، كۆمۈر، تۇز ... قاتارلىق تەبىئىي بايلىق مەنبەلەرگە ئىنتايىن باي. يېقىندا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن يۇقۇرى بېسىملىق سانائەت نېفىت گازى چىقتى. بۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت گازى بايلىقىدىن بىر بىشارەت بولدى.

## شىنجاڭنىڭ «قارا ئالتۇن»ى

بىر دۆلەتنىڭ باي ياكى كەمبەغەللىكىنى بىلىشتە ئۇ-نىڭدىكى كۆمۈر بىلەن تۆمۈرنىڭ مىقدارى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

پۈتۈن دۇنيادىكى يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ئىچىدە كۆمۈر 95 پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ، شىنجاڭ كۆمۈر زاپىسىغا ئىنتايىن باي. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، شىنجاڭنىڭ كۆمۈر زاپىسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، شىنجاڭ كۆمۈر زاپىسى ئەڭ كۆپ جايلارنىڭ بىرىدۇر. شىن-جاڭدا كۆمۈرنىڭ تارقالغان ئومۇمى مەيدانى 30 مىڭ كۋا-درات كىلومېتىردىن ئارتۇق. ئۇ ئالبانىيىنىڭ بىر پۈتۈن يەر مەيدانىدىن كەڭ. كۆمۈرنىڭ يەر مەيدانىدەك ئىككى باراۋەر كېلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كانلاردىن 500 نەچچىسى بار. بۇ ساھەدى-كى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 80 مىڭدىن ئاشىدۇ.

شىنجاڭ خەلقى بۇنىڭدىن 1400 يىل بۇرۇن ياۋرو-پالىقلار تېخى كۆمۈر بىلەن تونۇشلۇقى بولمىغان مەزگىللەر-دە كۆمۈردىن پايدىلىنىپ، تۆمۈر تاۋلاپ مېتاللورگىيە ساھە-سىدە شانلىق سەھىپە يازغان.

شىمالىي ۋېي سۇلالىسى (مىلادى 220 — 260 - يىللار) دەۋرىدىكى لى داۋيۈەننىڭ «دەريا - ئېقىنلار توغرىسىدا شەرھلەر» دىگەن كىتاۋىدا، كۇچارلىقلار، كۆمۈردىن پايدىلىنىپ تۆمۈر ئېرىتىپ ھەربى قورال ياسىغان، دەپ يېزىلغان. مانا بۇنىڭدىن شىنجاڭ خەلقى مىلادىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدىن باشلاپلا كۆمۈرنى يېقىلغۇ سۈپىتى ئورنىدا پايدىلىنىپلا قال-ماستىن، بەلكى مېتال تاۋلاش ۋە ھەربى قورال-ياراقلارنى ياساش جەھەتتە ئىشلىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

# بۆكەن

بۆكەن كوئېنلۇن تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ شىمالىي تارمىقى بولغان ئالتۇن تاغ رايونلىرىدا ياشايدۇ.

بۇ جايلاردىكى بۆكەن — يەرلىك بۆكەن ۋە شىزاڭ بۆكىنى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئەركەك بۆكەنىنىڭ ئۇزۇنلۇغى 1.20 مېتىر، ئېگىزلىگى 1 مېتىر بولۇپ، پۇتلىرى ئىنچىكە، تۇياقلىرى ئۇچلۇق كېلىدۇ. ئەركەك بۆكەندە مۈڭگۈز بولىدۇ. بۇ مۈڭگۈزنىڭ ھەر بىر شېخى بىر ياشنى بىلدۈرىدۇ، مۈڭگۈز شاخلىرى 25 كىچە بارىدۇ، مۈڭگۈزىنىڭ ئەڭ ئۇزۇنلىرى 60 سانتىمېتىر كېلىدۇ. يۇڭلىرى قېلىن، قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ، قوساق ۋە قۇيرۇق قىسمىنىڭ يۇڭلىرى ئاق رەڭدە كېلىدۇ، ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈگى، ئۆپكىسى، بۇرىگى نىسبەتەن چوڭراق بولىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ئېگىزلىك شارائىتىغا ماسلاشقانلىغى. چىشى بۆكەن كىچىكرەك بولۇپ، مۈڭگۈزى بولمايدۇ. بۆكەن ئادەتتە سائەتىگە 80 كىلومېتىر يۈگۈرەلەيدۇ. بۆكەنىنىڭ گۆشى مەزىلىك، ئوزۇقلۇق قىممىتى مول، ئۇنىڭ تېرىسىدىن كۆن - خۇرۇم ئىشلىگىلى بولىدۇ. سۈتى كېسەللەر ئۈچۈن دورا، مۈڭگۈزى تېخىمۇ قىممەتلىك دورا ھېساپلىنىدۇ. قىسقىسى، بۆكەنىنىڭ پۈتۈن ئەزايى ئەتىۋالىق دورا ھېساپلىنىدۇ.

شىنجاڭدىكى تاغلار، بولۇپمۇ ئالتۇن تاغ رايونى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىممىتىگە ئاساسلىنىپ تەبىئىي قوغداش رايونى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ جايدىكى نۇرغۇن ياۋايى ھايۋانلار، شۇ قاتاردا بۆكەنمۇ مەملىكىتىمىز بويىچە ئالاھىدە قوغدىلىدىغان ھايۋانات قىلىپ بەلگىلەندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئادىلە

(ھېكايە)

ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

— ئاپپاق قىزىم، — دېدى ئايشەمخان سىڭلىسى-نىڭ سېرىق چاچلىق يوغان قونچىقىنى ئويناۋاتقان ئادىلەگە قاراپ، — ئۆيدە چاي تۈگەپ قاپتۇ، ئاپاڭ-داداڭ ئىشتىن كەلگىچە دۇ-كاندىن ئاقىرەتمىسۇن، يۈگۈ-رۈپ چىقىپ بەش موچەنلىك چاي ئېلىپ كىر بالام.

ئادىلە چوڭ ئاناسىنىڭ پۇل تۇتۇپ تۇرغان قولىغا يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ يەنە قونچىقىنى ئويناۋەردى. ئۇنىڭ ئاق ۋە دوغلاق يۈزى-



AltunOq

دە، قاپ - قارا كۆزلىرىدە بۇ سۆزنى قەستەنگە ئاڭلىماسقا سېلىشۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

ھەممىسى كارۋاتتىن تۇرۇپ، قوللىرىنى بېقىنىغا تىرەپ، بېلىنى رۇسلاۋالدى، ئاندىن دوڭغاسلىغان پېتى ئادىلەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەركىلەتتى ۋە يالۋۇرغان ئاھاڭدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئوبدان قىزىم. ئورنىڭدىن تۇر، ياخشى بالا دېگەن چوڭ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدۇ.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، پۇلنى ئادىلەنىڭ سىقىمىغا تىقىپ قويدى. ئادىلە خوشياقمىغان ھالدا قونچاقنى ئۈستەل ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى - دە، پۇل بار قولنى كەينى-گە يېشۇرۇپ چوڭ ئانىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ماقۇل موما. گېپىڭىزنى ئاڭلاي. ئەمما ...، — دېدى ئادىلە كۆزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە يېنىك تەۋرىنىپ تۇرۇپ.

نەۋرىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىردىنلا چۈ-شەنگەن چوڭ ئانا، پېشانىسىگە پاقىلدە بىرنى ئۇردى ۋە پىخىل-داپ كۈلۈپ، ئادىلەگە بەش پۇڭلۇق تەڭگىدىن بىرنى بەردى:

— ھۇ شەيتان، ئالىدىغىنىڭنى ئالدىڭ، ئەمدىغۇ قوز-غالىرسەن؟

— موما، — دېدى ئادىلە تۇمشۇقىنى ئۇشلاپ، — قارا، تالادا ياھغۇر يېغىۋاتسا ...

چوڭ ئانا شاپاشلاپ كىرىپ ئىچكىركى ئۆيدىن يېشىل ياھغۇرلۇقنى تېپىپ چىقتى - دە، ئادىلەگە يېپىنچاقلىتىپ قويدى:

— مانا، ئەمدى ئوبدان بولدى، ياھغۇر دېگەن نەرسە



كىيىملىرىڭىنى ھۆل قىلىپ باقسۇنچۇ قېنى؟ — دېدى ئۇ خاتىرجەم بولغان ھالدا.

لېكىن، ئادىلە تۆمشۇقلىرىنى ئۇچلاپ يەنە ماڭغىلى ئۇنىمىدى. ئەمما موماي ھېچ ئاچچىقلانمايتتى.

— موما، يەنە بەش پۇڭ بېرە، — دېدى ئادىلە.

ئادىلە ئاخىر يەنە بەش پۇڭ ئالدى-دە، كىچىك پورتمىلىغا سېلىپ ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

تالادا سىم-سىم يامغۇر ياغماقتا ئىدى. ئادىلە تۈگمىسى ئېتىلمىگەن يامغۇرلۇقىنىڭ پېشىنى لەپىلدەتكىنىچە پورتمىلىدىكى پارچە پۇللارنى سانىغاچ كېتىپ باراتتى.

«مانا بىر كوي، ئىككى موچەن، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە پۇللىرىنى پورتمىلىغا ئاۋايلاپ سېلىۋېتىپ، — مومام ئىشقا بۇيرۇغانسېرى پۇللىرىم كۆپىيىۋېرىدۇ، ھەر كۈنى ئىككى موچەنلىك چوكا مۇز ياكى مارۇژنا يېسەم ...»

ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن يىمەك-ئىچمەك دۇكىنىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى. ئادىلە مال ساتقۇچى پۇختا قىلىپ ئوراپ بەرگەن بولاقنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا بىر جۈپ قول كەينىدىن كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى كاپلا قىلىپ ئېتىۋالدى.

— مەن كىم؟

سەل-پەل ئۆزگىرىپ چىققان ياسالما ئاۋازدىن ئادىلە كىمدۇ بىرسىنىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى-يۇ، چاقچاق قىلغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي ئاغزىغا كەلگىنىچە جاۋاب بېرىۋەردى:

— زۆھرەت!

— ......

— پەرىدە!

— ......

— خاسىيەت!

قولنىڭ ئىگىسى ئاخىرى ئادىلەدىن سورىدى:

— سۆزگۈچمۇ، تاغاقمۇ؟

ئادىلە جاۋاپ بەردى:

— تاغاق!

ئادىلە يېنىككىنە سىرلانغان كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ كېيىنگە بۇرۇلۇۋىدى، ساۋاقدىشى رەيھاننى كۆردى.

كۆرۈشمىگىلى تېخى ئىككى سائەتلا بولغان بۇ بىر جۈپ ساۋاقداش بىر هازا كۈلۈشكەندىن كېيىن پەسكارىدا چۈشۈشتى.

— سەنزە، يەنە كەمپىت سېتىۋاپسەندە؟ — رەيھان ئادىلەنىڭ قولىدىكى بولاقتا قاراپ ئىما قىلدى، — كەمپىتنى تولا يېسە چىشتا قۇرۇت چۈشەرمىش، بىرگىنەۋ بىر ئۈلۈش بېرەرسەن!

ئادىلە بولاقنىڭ كىچىككىنە يېرىنى يىرتتى-دە، ساۋاقدىشىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— كۆرمىدىڭمۇ، چاينىمۇ يەمدۇ كىشى، ئەگەر يېيىشكە توغرا كەلسە قولۇڭدىكى قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئاچ!

ئادىلە رەيھاننىڭ قولىدا تۇرغان قەغەز قۇتىنى ۋە قۇتا ئۈستىدىكى «سۈتلۈك پېچىنە» دىگەن خەتنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرگەن ئىدى.

رەيھان ئادىلەنىڭ چاقچىقىدىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ قۇتىنىڭ ئاغزىنى مەرتلىك بىلەن ئاچتى-دە، بىر تال ساپ-سېرىق گۈللۈك پېچىنىنى ئېلىپ ئادىلەنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى.

— مۇشۇ بىر تاللىمۇ؟ — دېدى ئادىلە ھەيياردىق بىلەن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ، — قارا سىڭىلنىڭ يېخسىغـ ـلىغىنى، شۇنچىلىك جىنىگغا ھەممىنى يالغۇز يەپ كېتەلەمـ ـتىڭ؟

— قانداقچە ئۆزەم يەيمەن؟ — رەيھان كۆلكىسىنى بېسىۋېلىپ جاۋاپ بەردى، — موماغا ئاپىرىپ بېرىمەن.

ئادىلە رەيھاننىڭ موممىسى بارلىغىنى ئاڭلاپ، قىزىقىسـ ـنىپ سورىدى:

— موماڭ ساڭا قانچە پۇل بەردى؟

— ياق، پۇل بەرمىدى، — دېدى رەيھان جاۋابەن.

— سېنى ئىشقا بۇيرىغاندىكىن ئەلۋەتتە پۇل بېرىدۇ - دە!

رەيھان ئادىلەنىڭ سۆزىنى «موماڭ يېچىنە سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل بەردىمۇ؟» دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ بېشىنى چايقىدى - دە، چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

رەيھان ھەر قېتىم ئاتا - ئانىسى بەرگەن بارچە - پۇرات پۇللارنى يىغىپ، ئۇ پۇلغا ياخشى يېمەكلىكلەرنى سېتىۋېلىپ مومىسىغا ئاپىرىپ بېرەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئادىلە ئۆزىنىڭ مومىسى ئۈچۈن كۆيۈنمىگەنىنىڭ سىرتىدا ھەر قېتىم ئۇنىڭدىن تاپان ھەققى ئالغانلىغىنى ئويلاپ، ئۆز - ئۆزىدىن خىجىل بولۇشقا باشلىدى. پۇشايمان ۋە ئېچىنىش ئۇنى قىيناپ، يۈزلىرىنى كۆيدۈرمەكتە ئىدى.

— جىمىپلا كەتتىڭغۇ، ئادىلە؟ — دېدى رەيھان ئۇنى ئىشىك تەرەپكە تارتىۋېتىپ، — يۈر، كېتەيلى.



ئادىلە ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بولۇپ، يەنە تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلدى.

— كەتمەمدۇق؟

— توختاپتۇر، بىر قۇتا پېچىنە ئېلىۋالاي.

— بايام بىراقلا ئالساڭ بولمايتتىمۇ؟

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى.

ئادىلە پۇكەي ئالدىغا باردى - دە، بورتمالدىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ مال ساتقۇچىغا ئۇزاتتى.

## باللار چۆچىگى چىقىدىغان لامپا

يېقىندا ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇدا پېشتتا بىر ئېنژېنېر باللار ئۈچۈن بىر خىل باللار چۆچىگى چىقىدىغان لامپا لايىھەلىگەن. ئۇنىڭدا خىلمۇ-خىل گۈزەل ئوبرازلار بولۇپ، توك مەنبەسى ئۇلىنىشى بىلەنلا لامپىدا باللار چۆچىگىدىكى كۆرۈنۈشلەر ۋە ئادەملەر كۆرۈنىدۇ. بۇ قىزىقارلىق ئويۇننى كۆرگەن باللار خوشاللىغىدىن قېنقىنغا پاتماي كېتىدۇ.


AltunOq

# يۇلتۇز

باتۇر روزى

يۇلتۇز، يۇلتۇز، ئەي يۇلتۇز،
ماڭا يېقىن كەلسەڭچۇ.
بەكمۇ ئامراق مەن ساڭا،
ئالقىنىمغا چۈشسەڭچۇ.

چىچەكمۇ سەن، ئەي يۇلتۇز؟
قىسقۇالاي چىكەمگە.
مارجانمۇ سەن، ئۈزۈكمۇ؟
ئېلىپ بېرەي ھەدەمگە.

شەبنەممۇ سەن، ئەي يۇلتۇز؟
چېچەكلەرگە سەپكىدەك.
داچەنمۇ سەن، يا تومپۇر؟
تەپكۈچ ياساپ تەپكىدەك.

لەگلىگىمنى ئەۋەتسەم،
ئاڭا قونۇپ چۈشەمسەن؟
ياكى ئاڭلاپ سۆزۈمنى،
يەرگە كۆكتىن كۆچەمسەن؟

ئۇخلىمايسەن نېمىشقا،
يا كۈندۈزى ئۇخلامسەن؟
ئاڭلاپ باقاي ئەي يۇلتۇز،
چۈشلىرىڭنى ئېيتامسەن؟

يۇلتۇز، يۇلتۇز ئاناڭ كىم؟
سېنى ئاسمان تۇغقانمۇ؟!
ماڭا ئوخشاش سېنىمۇ،
ئەللەي ئېيتىپ باققانمۇ؟

ئاڭلىدىڭمۇ سۆزۈمنى،
يا جاۋاپمۇ بەرمەيسەن.
سەن ئاسماندا، مەن يەردە،
يا قېشىمغا كەلمەيسەن؟!

بوپتۇ مەيلى كەلمىسەڭ،
مەن بارىمەن قېشىڭغا.
مەن بارىمەن قېشىڭغا،
گۈل قىسىمەن بېشىڭغا!

كومپاس

— دادا، مەن بىر كومپاس ياسىدىم، ئۇنى ساڭا بېرەيچۇ!
— ئۆزەڭ ئوينا، ئۇنى مەن نېمە قىلاتتىم؟
— دائىم قاۋاقخانىدىن يانغاندا ئادىشىپ قالىسەن
ئەمەسمۇ؟

## جېنىم ئانا

پەرھات دەۋلەتمەن

ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىردەم ئارام ئېلىڭ ئانا.
ھاردىڭىز بەك، سۆيۈرگىنى
ماڭا ئەمدى بېرىڭ ئانا.

ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىردەم ئارام ئېلىڭ ئانا.
ياق دېمەستىن، ئەمدى مېنى
ئۆي ئىشىغا سېلىڭ ئانا.

ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىردەم ئارام ئېلىڭ ئانا.
يۇمشاق ئورۇن سېلىپ قويدۇم،
كېلىپ بىردەم يېتىڭ ئانا.

### ئىشىنىش ئىشەنمەسلىك ئۆزىڭىزدە

ئادەم تۇغۇلغاندا 350 تال ئۇستىخان بولىدۇ. لېكىن ياش قۇرامىغا يەتكەندە ئاران 206 تال قالىدۇ. چۈنكى بەزى ئۇستىخانلار ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا بىرلىشىپ كېتىدۇ.



# ئانامغا...

(نەسىر)

**تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم**

ئەي ئانا، باياتىن بېرى تۆككەن ياشلىرىڭمۇ يېتەر، كۆزۈڭنى ئاچقىن! ئوغلۇڭ مانا يېنىڭدا تۇرۇپتۇغۇ؟ نېمە، «ئەمىسە مېنى تاشلاپ كەتمەكچىمىدىڭ» دېدىڭمۇ؟ ياق ئانا، مەن ھەرگىز سېنى تاشلاپ كەتمەيمەن. چۈنكى، مەن سېنىڭ بالاڭ — ئىنسان بالىسىمەن. ئىنسان بالىسى ئۆزىگە ئاق سۈت بېرىپ باققان قەدىرلىك ئانىسىنى تاشلاپ كېتەمدۇ؟ ئېيتقىنا ئانا، مەن قاچان سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىمىغان؟ بىر قاچان-مۇ سېنىڭ رايىڭغا باقمىغان!؟

بەلكى، سېنىڭمۇ ئېسىڭدە بولسا كېرەك: مۇندىن ئون يىل ئىلگىرىكى بىر كۈنى، ئاكام يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، ئۆزىنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىگە تاللانغانلىق خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئۇ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالغان ئىدى. بىز ئۇنى قىزغىن تەبرىكلىدۇق. ئەمما سەن ئۇنىڭغا: «مېنى تاشلاپ نەگە بارماقچىسەن؟!» دېۋەت-دىڭ، ئۇ گويا جانسىز ئادەمدەك قېتىپلا قالدى. ئۇ ئەمدى نېمە دېسۇن؟ ئۇ ساڭا نېمىمۇ دېيەلىسۇن!؟

ئەمما، ئىنسان تىلىنىڭ سادىسىزلىقى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ

دىلىدىمۇ سادا يوقلۇغىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئاكامنىڭ تىلى سۆزلىمىگىنى بىلەن دىلى سۆزلىمەكتە ئىدى! مۇنداق دىسەم، دىلنىڭ سۆزلىگىنى نەدە، دىمىگىن: «كۆز ــ دىلنىڭ دەرىزىسى» دىيىشىدىغۇ؟ ئەجىبا سەن ئاشۇ «دەرىزە» نىڭ چاناقلىرىغا لىق تولۇپ، لىغىلداپ تۇرغان مەرۋايىت ئۇنچىلەرنىڭ ئەكسىدىن دىلنىڭ سۆزلىشىنى كۆرمىگەن بولساڭ!؟

ئەي سۆيۈملۈك ئانا! ئېيتقىنا: جاھاندا پەرزەنتىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى خالىمايدىغان ئانىلارمۇ بارمۇ؟ ئېھتىمال، بۇ سوئالنى سورىغىنىم ئۈچۈن ھازىر مەندىن قاتتىق رەنجىـ ۋاتقانسەن. چۈنكى مۇنداق ئانىلارنىڭ بولۇشى ھەققىدە ئەقلىگە سىغمايدۇ؛ شەكسىزكى، بۇ جاھاندا ئانىنىڭ پەرزەنتىـ كە كۆيۈشىدىن ئارتۇق كۆيۈشمۇ بولمايدۇ. ئەمما بەزىدە دەل ئاشۇ «كۆيۈش» نىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولۇشى سەۋەبىدىن، پەرزەنتلەرنىڭ بەختى كۆلگە ئايلىنىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. راستىنى ئېيتسام، ئاكاممۇ ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى!

ئانا، شۇ تاپتا سەندىن يەنە بىر نەرسىنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئاتا - ئانىلار پەرزەنتىنى مەڭگۈ يېنىدىن ئايرىـ ماي، پەقەت ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە سېلىش ئۈچۈنلا بېقىپ چوڭ قىلامدۇ؟! بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئىچىڭدە بەلكى: «سەنـ مۇ بالا چوڭ قىلىپ باققان چېغىڭدا ئاندىن بىلەرسەن!» دەۋاتقانسەن. دەرۋەقە، بىر بالىنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇش ھۆلچەردىكىدىنمۇ ئارتۇق قىيىنغا توختار. لېكىن، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاتا - ئانىلار پەرزەنتىنى ئۆزىنىڭ قولى بولۇشقا مەجبۇرلىشى كېرەكمۇ؟! توغرىسىنى ئېيتقاندا، پەرـ زەنت ئاتا - ئانىلارنىڭ قولى ئەمەس، بەلكى چىن مەنىسى بىلەن گۈلىدۇر! چۈنكى، ئۆچۈش ئالدىدىكى ئۆمۈر شامى قايتا ياندۇرغۇچىغا؛ مەنزىلىدىن ئۆمىت ئۈزمەي ھالىدىن كەتكەن


AltunOq

كـارۋان ئىزىنى قايتا داۋاملاشتۇرغۇچىغا مۇھتاج ئەمەسمۇ؟!
جېنىم ئانا، گۇناسىز ئوغلۇڭنىڭ غۇبارسىز قەلبىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟ ئوغلۇڭ ئەسلىدە شۇنداق دېمەكچى: سەن ماڭا ئاق سۈت بەرگەن مېھرىۋان ئانا بولساڭمۇ، ئوغلۇڭ يەنە بىر ئۇلۇغ ئانا — ئەزىز ۋەتەننىڭ خىزمىتىدىنمۇ ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، ئۇ ساڭا ئوخشاش مىڭلىغان مېھرىۋان ئانىلارنىڭمۇ بىردىن - بىر بۈيۈك ئانىسى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ جان كەتسىمۇ ئەرزىيدىغان شەرەپلىك خىزمىتى يولىدا، ئوغلۇڭنىڭ سەندىن ۋاقىتلىق ئايرىلىشىنى قانداقمۇ «سېنى تاشلاپ كېتىش» دېگىلى بولسۇن!؟ قۇشلار بالىلىرىنى ئۇچۇرما بولۇشى بىلەنلا ئۇچۇرۇۋېتىدۇغۇ؟...
ئەي ئانا! ئاخىرقى سۆزۈم ھەم ئۈمىدىم شۇكى، ئەقىلگە كەلگەندىن بېرى سۆزۈڭنى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان سادىق ئوغلۇڭنىڭ بىر قېتىم بولسىمۇ، سۆزىنى ئاڭلاپ قويغىن! ئەمما، شۇنىڭغا جەزمەن ئىشەنگىنكى، «قۇش بالىسى قانچىلىك ئىگىز ئۇچسىمۇ، ھامان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىدۇ!»

تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۇرۇشكە بەل باغلىمىغان كىشى — تۇرمۇشنىڭ ئەڭ زور لەززىتىدىن ئايرىلغان كىشىدۇر.

— ئېدىسون

مەن سەممىي بولۇشقا، كۆپ دۈشمەنلىك بولۇشقا رازىمەنكى، ئەمما ساختىلىق قىلىپ بىر - نەچچىلا دوستۇمنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشنى خالىمايمەن.

— پېتوفى

# تېپىشماقلار

ئابلىز ھەزىموۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

1. يۇمۇلاغۇ، يۇمۇلاق،
ئىچى تولغان قۇمۇلاق.
دېمەس ھېچكىم جېنى بار،
لېكىن سىقساق قېنى بار.

2. ئاپپاق، ئاپپاق، ئاپپاق تاش،
تۆت بۇرجەكلىك ــ چاقماق تاش.
چىشقا باسساڭ قاتتىق تاش،
چايغا سالساڭ تاتلىق تاش.

3. يەرگە چۈشىدۇ قاقساڭ،
يېگىلى بولار چاقساڭ.

4. ئوتتا قويساڭ قايناپ ـ تېشىپ كېتىدۇ،
كۈنگە قويساڭ ئۇيۇپ ـ ئېچىپ كېتىدۇ.

5. بىر يېرى قۇش،
بىر يېرى چاشقان.
تۈندە ئويناپ،
كۈندۈزدىن قاچقان.

.6 يازدا يېشىل، كۈزدە سېرىق،
بارار يېرى ئويمان ئېرىق.

.7 كۆن باردا يولداش بولۇپ،
گويا ساڭا قولداش بولۇپ.
يۈرەر دائىم بىرگە ــ قاتار،
كۆن پاتقاندا سەندىن قاچار.

.8 تۆغۈلۈپلا يەرنى دەسسەش ـ چەيلەشنى،
ئۆگىنىپتۇ سۇدا ئۈزۈش ـ لەيلەشنى.

.9 بىلى ئىنچىكە ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك،
ئوزۇق يىغار يىللاپ يەتكۈدەك.

.10 ئۆزى سۇدىن چىققان،
سۇغا سالسا ئېرىيدۇ.
ئۆزى شۇنچە ئاچچىق،
ئاشقا لەززەت بېرىدۇ.

.11 ئۇرۇغى بالدۇر پىششىپ تۆكۈلەر،
ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى كۆكلەر.

.12 تاپىنى تۇياقسىز، قۇيرۇغى قىسقا،
ھەر كۈنى تۇخۇمنى بۇيرۇيدۇ ئىشقا.

.13 ئۆزىدە بارى ـ يوقى ئېغىز ـ قۇلاق،
خوشياقمىسا سۆزى بولار قىسقا ـ چولاق.
سۆزلىگەندە قۇلىقىغا بېقىپ سۆزلەر،
قۇلىقىنى ئېغىزغا يېقىپ سۆزلە.



ئاسماندا كۆزسىز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان نۇرغۇن يۇلتۇزلار بار. سىز ئاستىرونوملارنىڭ ئۇلارنى قانداق بايقىغانلىغىنى بىلەمسىز؟

«تېلىسكوپ بىلەن تاپقان بولغىيىتتى!» ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك مۇشۇنداق جاۋاپ بېرىشى مۇمكىن. توغرا، نۇرغۇن يۇلتۇزلار تېلىسكوپ بىلەن بايقالغان، لېكىن ماتېماتىكىلىق ھىساپلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق تېپىلغانلىرىمۇ بار!

## قۇيرۇقلۇق ھاللېي يۇلتۇزىنىڭ قايتىپ كېلىشى

1682 - يىلى، كېچە ئاسمىندا غەلىتە بىر يۇلتۇز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ خۇددى تەتۈر ئېسىپ قويۇلغان سۈپۈرگىگە ئوخشايتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «سۈپۈرگىسىمان يۇلتۇز» ياكى «قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز» دەپ ئاتىدى.

ئۇ چاغدا ئىلىم - پەن تېخى تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، كىشىلەر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى زور بالايى -

ئاپەتنىڭ بىشارىتى دەپ قارىغان ئىدى. لېكىن ياش ئاسترونوم هاللېي ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئوربىتىسىنى بويلاپ قانۇنىيەتلىك ھەركەت قىلىدۇ، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزمۇ شۇنداق، دەپ ھىساپلىدى.

«ئاسماندا بۇرۇنمۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز پەيدا بولغان ئىدى، — دەپ ئويلىدى هاللېي، — بۇ قېتىم كۆرۈنگەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بۇرۇنمۇ كۆرۈنگەن بولغىيمىدى؟» شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى كۆزىتىشكە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆردى، قايتا ـ قايتا ھىساپلىدى. نەتىجىدە شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، 1531 ـ يىلى بىر قېتىم، 1607 ـ يىلى بىر قېتىم چوڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆرۈنگەن ئىكەن، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسى 1682 ـ يىلى كۆرۈنگەن قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭكىگە ناھايىتى ئوخشايدىكەن. هاللېي مۇنداق دەپ ھىساپلىدى: بۇ ئۈچ يۇلتۇز ئەمەلىيەتتە بىر يۇلتۇز بولۇپ، ئۇ ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىنى بويلاپ ھەركەت قىلىدۇ، ھەر 76 يىل ئۆپچۆرىسىدە بىر قېتىم ئايلىنىدۇ. هاللېي بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ 1758 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ياكى 1759 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كېچىچە ئاسمىنىدا يەنە كۆرۈنىدىغانلىقىغا ئالدىن ھۆكۈم قىلدى.

هاللېي 1742 ـ يىلى ۋاپات بولدى. لېكىن 1759 ـ يىلى بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز دىگەندەك يەنە پەيدا بولدى، كىشىلەر ئۇنى ئاددى كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇلار هاللېينىڭ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ ئوربىتىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىغا قوشقان تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى «قۇيرۇقلۇق هاللېي يۇلتۇزى» دەپ ئاتىدى.

قۇيرۇقلۇق هاللېي يۇلتۇزى 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن


AltunOq

1986 - يىلىنىڭ بېشىغىچە يەنە بىر قېتىم كۆرۈندۇ. ئىشەنمىسەڭلار، شۇ چاغدا كۆزىتىپ بېقىڭلار.

## گائۇسنىڭ تۆھپىسى

1801 - يىلى، يېڭى يىل ئاخشىمى ئىتالىيە ئاسترونومى پىئاچ تېلېسكوپ ئارقىلىق ئىنتايىن كىچىك بىر يۇلتۇزنى بايقىدى. لېكىن بۇ يۇلتۇز كۆرۈنۈپ قويۇپلا «مۆكۈۋالغاچقا» ئۇنى ئىككىنچىلەپ زادى تاپقىلى بولمىدى.



گائۇس

بۇ ئىشتىن گېرمانىيىلىك ياش ماتېماتىكا ئالىمى گائۇس خەۋەر تاپتى. گائۇسنى كىشىلەر «ماتېماتىكا شاھزادىسى» دەپ ئاتايتتى. ئۇ ھېساپلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ يۇلتۇزنىڭ ئورنىنى ۋە ئايلىنىش ئوربېتىسىنى تېپىپ چىقىشقا بەل باغلىدى. گائۇستىن بۇرۇن، شۋېتسارىيىلىك ئېيۇلېر دېگەن بىر ماتېماتىكا ئالىمى سەييارىلەرنىڭ ئوربېتىسىنى ھېساپلاش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىمەن دەپ، قارىغۇ بولۇپ قالغىلى تاس قالغان ئىدى. گائۇس سەييارىلەرنىڭ ئايلىنىش ئوربېتىسىنى بىر سائەت ئىچىدىلا تېپىپ چىققىلى بولىدىغان يېڭى بىر خىل ھېساپلاش ئۇسۇلىنى ئىجات قىلدى. ئۇ پىئاچ بايقىغان كىچىك يۇلتۇزنىڭ قايتا كۆرۈنىدىغان ۋاقتى ۋە ئېنىق ئورنى توغرىسىدا ئالدىن ھۆكۈم چىقاردى.

دېگەندەك، ئاسترونوملار گائۇسنىڭ ھۆكمىگە ئاساسەن بۇ كىچىك يۇلتۇزنى «تۇتۇۋالدى» ھەمدە ئۇنىڭغا «غايىپ يۇلتۇز» دەپ ئىسىم قويۇپ قويدى.

## نېپتۇننىڭ تېپىلىشى

1781 - يىلى، كىشلەر ئۇراننى بايقىدى، لېكىن ئۇنىڭ ھىساپلاپ چىقىلغان ئايلىنىش ئوربىتىسى ئەمەلىي ئوربىتىسىغا ئوخشاش چىقماي قالدى.

ھىساپ خاتا بولۇپ قالدىمۇ-يە؟ ئاسترونوملارنىڭ قايتا-قايتا سېلىشتۇرۇشى ئارقىلىق، ھىساپنىڭ توغرىلىغى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇراندىن خېلى يىراق جايدا چوقۇم چوڭ بىر يۇلتۇز بار، ئۇنىڭ تارتىش كۈچى ئۇراننىڭ ئوربىتىسىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ قارىدى، لېكىن ئۇنى زادى تاپالمىدى.

ماتېماتىكا ئاسترونوملارغا يەنە بىر قېتىم ياردەم بەردى. ئىككى ياش ئالىم — فرانسىيىلىك لېۋېرىيېر بىلەن ئەنگلىيىلىك ئادامس بۇ يۇلتۇزنىڭ ئوربىتىسىنى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ھىساپلاشقا كىرىشتى. ئادامس ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1845 - يىلى ئۆكتەبىردە ھىساپنىڭ نەتىجىسىنى بىرىنچى بولۇپ چىقاردى. 1846 - يىلى ئاۋغۇستتا، لېۋېرىيېرمۇ ھىساپنى ئىشلەپ بولدى.



ئادامس

گېرمانىيە بېرلىن رەسەتخانىسى لېۋېرىيېرنىڭ ھىساۋىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ كۈنى ئاخشىملا لېۋېرىيېر ئالدىن ھۆكۈم قىلغان ئورۇندىن بۇ يۇلتۇزنى تاپتى. ئۇ نېپتۇن ئىدى.

قاراڭلار، ماتېماتىكىنىڭ رولى چوڭمىكەن؟!

ماتېرىياللاردىن: **باتۇر مامۇت**

## ئېينشتېيننىڭ «ئۇستاز» تۇتۇشى

ئېينشتېيننىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە تالانتلىق ياش بىر ياردەمچىسى بار ئىدى. ئەمما ئۇ ئېينشتېيندىن باشقا ھېچقانداق كىشىنى كۆزگە ئىلمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ دائىم ئېينشتېيننىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە تەكەببۇرلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى، ئېينشتېيىن ئۆزىنىڭ ياردەمچىدىن تۇيۇقسىزلا:

— بالام، بۇندىن كېيىن سىز ماڭا «ئۇستاز» بولسىڭىز بولغۇدەك، — دەيدۇ، ھېلىقى ياردەمچى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھودۇققان ھالدا:

— ئېينشتېيىن جاناپلىرى، مەن سىزنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىمەن ۋە چوقۇنىمەن، ھەتتا سىزنى ئۆز ئاتامدىنمۇ ئارتۇق كۆرىمەن. ئەگەر مېنىڭ بىرەر يارىماس تەرىپىم بولسا، تارتىنماي كۆرسىتىپ بەرسىڭىز، — دەيدۇ.

ئېينشتېيىن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن:

— بالام، سىز مېنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىسىزمۇ، لېكىن مېنىڭ دوستلىرىمنى ھۆرمەت قىلمايسىز. سىز شۇنى بىلمەيسىزكى، مەن بىلەن بىرىش - كېلىش قىلىپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ئالىم ۋە پىروفېسسورلار مېنىڭ ئۇستاز - لىرىم بولىدۇ، ئەمما سىز ئۇلارنى كۆزگە ئىلمايۋاتىسىز، دېمەك، بۇنىڭدىن قارىغاندا سىزمۇ مېنىڭ ئۇستازىم ئوخشاي - سىز، — دەيدۇ. ئېينشتېيننىڭ بۇنداق يۇمۇرلۇق، جىددى سۆزىنى ئاڭلىغان ياردەمچى قاتتىق خىجىل بولغان ھالدا،

بېشىنى سىلاپ شۇنداق دەيدۇ:
— سۆيۈملۈك ئۇستازىم، مەن خاتا قىپتىمەن.
شۇندىن باشلاپ ئېينىشتېيىننىڭ ياردەمچىسى ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى تېزدىن تۈزىتىپ، ئىنتايىن ئەدەپلىك كىشى بولۇپ يېتىلدۇ.
ئېيتايلۇق، بەزى ساۋاقداشلار ئۆگىنىشتە بىر ئاز نەتىجە قازىنىش بىلەنلا تەكەببۇرلىشىپ، ساۋاقداشلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇستاز-مۇئەللىملىرىنىمۇ كۆزگە ئىلمايدۇ. تەكەببۇرلۇق — ئىنتايىن چوڭ ئەيىپ، ئۇ كىشىنى ھامان ئارقىدا قالدۇرىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئۆگىنىشتە ھەرقانچە زور نەتىجە قازانغان بولسىڭىزمۇ، مەغرۇرلانماي ئۆز ساۋاقداشلىرىڭىزنى ۋە ئۇستازلىرىڭىزنى ھۆرمەتلەپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىڭىز لازىم.

تۈزگۈچى: مۇھەممەت مىرۇللا

## «ئويۇنچۇق سازلار سىمفونىيەسى»

كىچىك دوستلار، سىلەر ساز چېلىشنى ياخشى كۆرەمسىلەر؟ دۇنيادا نۇرغۇنلىغان مەشھۇر كومپوزىتورلار، مەسىلەن: بىتخوۋىن، مۇزارت، هايدىن، شوبېرت، شترائۇس قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرمۇ سىلەرگە ئوخشاش كىچىك چېغىدىلا، ھەتتا بەزىلىرى سىلەردىنمۇ كىچىك چېغىدا مۇزىكىغا قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان. ئۇلار ئىشنى ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇق سازلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىشتىن باشلاپ، ئاخىرى

دۇنياغا مەشھۇر كومپوزىتورلاردىن بولۇپ يېتىشكەن. ئۇلار داڭلىق كومپوزىتورلاردىن بولۇپ قالغان چېغىدىمۇ، يەنىلا سىلەرگە ئوخشاش كىچىك دوستلارنى ئۇنتۇماي، ئۇلارغا ئاتاپ نۇرغۇن مەشھۇر مۇزىكىلارنى ئىجات قىلغان.

ئاۋستىرىيىنىڭ مەشھۇر كومپوزىتورى ھايدىن ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ سەككىز يېشىدىلا بالا ناخشىچى بولغان، كېيىن ئۇزلۇكسىز تىرىشىپ ئىجات قىلىش ئارقىلىق، ئۆز ئۆمرىدە 104 سىمفونىيە ئىجات قىلىپ «سىمفونىيە پېشىۋاسى» دەپ نام ئالغان.

بىر كۈنى، ھايدىن رېپېتىسىيە زالىغا نۇرغۇن كورۇپكىلارنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ. بۇنى كۆرگەن باشقا مۇزىكانتلار بۇنىڭ ئىچىدە نىمە بارلىغىنى بىلىشەلمەي ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا، ھايدىن بۇ كورۇپكىلارنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بالىلارنىڭ ھەر خىل ئويۇنچۇق سازلىرىنى ئېلىپ كۆرسىتىپ، مۇزىكانتلارغا ئۆزىنىڭ يېڭى ئەسىرى — «ئويۇنچۇق سازلار سىمپونىيىسى» نى رېپېتىسىيە قىلىدىغانلىغىنى جاكالايدۇ. مۇزىكانتلار خوشاللىق بىلەن كورۇپكىلاردىن كىچىك سۇناي، كولدۇرما، بارابان، پىقسىراتما، ئۈچ قىرلىق تۆمۈر ۋە ھەر خىل قۇشلارنى دوراپ چالغىلى بولىدىغان چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئېلىپ، خۇددى شوخ بالىلاردەك چېلىشقا باشلايدۇ.

«ئويۇنچۇق سازلار سىمپونىيىسى» ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە بالىلارغا شاتلىق بەخش ئېتىپ كەلمەكتە.

ماتىرىياللاردىن: مۇھەممەت مىھرۇللا



AltunOq




ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ 1 - قېتىملىق مەملىكەتلىك پەننىي كەشپىيات مۇسابىقىسى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 16 - ئاۋغۇست كۈنى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ كۈنمىڭ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە باشلانغۇچ مەكتەپ پەن - تېخنىكا ھەۋەسكارلىرىدىن 210 نەپەر بالا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئۇچتىن بىرى ئون تۆت ياشتىن تۆۋەن، ئەڭ كىچىكلىرى توققۇز ياشلىق بالىلار ئىدى. يىغىندا بالىلار ئىجات قىلغان 144 خىل پەننىي كەشپىيات ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 66 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇلدى. يىغىن ئاخىرىدا كەشپىيات ۋە ماقالىلار باھالىنىپ بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى دەرىجە بويىچە مۇكاپاتلاندى.

تۆۋەندە بىز مۇشۇ يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈچ خىل كەشپىياتنى ۋە بىر پارچە ئاددى ئىلمىي ماقالىنى تونۇشتۇرىمىز.

## چايان يۇلتۇزلار تۈركۈمىدىن كەلگەن مېھمان

ئايدىڭ كېچىدە ئاسماندىكى كۆزنى چاقنىتىدىغان سانسىز يۇلتۇزنى كۆرىسىز، سىز ئاشۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئىسمىنى بىلەمسىز؟

جياڭشى ئۆلكىسى جىڭدې بازىرىدىكى «شەرق قىزاردى» ئېلېكتىر - خىمىيە زاۋۇدى پەرزەنتلەر مەكتىۋىنىڭ 5 -

يىللىق ئوقۇغۇچىسى شى جيەن 80 دىن ئارتۇق يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئىسمىنى بىلىدۇ، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئاسترونومىيىگە ئائىت بىلىملەرنى قىزىقىپ ئۆگەنگەن. ئۆگەنگەنلىرىنى كېچىلىرى يۇلتۇزلارغا قاراپ سىپىلىشتۇرغان. 1983 ـ يىل سېنتەبىرنىڭ بېشىدا شى جيەن، چايان يۇلتۇز تۈركۈمىدە سېرىق، نۇرى غۇۋا بىر يۇلتۇزنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى سەزگەن. ئۇ، بۇ يۇلتۇزنى تەكرار كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قۇياش سىستېمىسىدىكى 9 پىلانىتنىڭ بىرى ــ يۇپىتېر ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ دەرھال بېيجىڭ رەسەتخانىسىغا خەت يېزىپ بۇ پەرىزىنى ئىنكاس قىلغان. بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا رەسەتخانىدىكى يولداشلاردىن كەلگەن جاۋاپ خەتتە، ئۇنىڭ پەرىزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكى مۇقەملاشتۇرۇلغان، ئۇ داۋاملىق تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇلغان. شى جيەن بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ، «چايان يۇلتۇز تۈركۈمىدىن كەلگەن مېھمان» دىگەن ئىلمي ماقالىنى يېزىپ چىققان.

## قۇم تىندۇرغۇچ

سۇي چېڭخۇا قۇم تىندۇرغۇچ كەشپ قىلدى. سۇي چېڭخۇا، ئىچكى موڭغۇل ئاۋخەن ئايمىقىدىكى شىڭخۇي ئوتتۇرا مەكتىۋىنىڭ 1 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىسى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 5 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقانىدا، مەكتەپتىكى قول بىلەن سۇ تارتىدىغان قۇدۇق ناسوس بىلەن سۇ تارتىدىغان قۇدۇققا ئۆزگەرتىلگەن. ناسوسنىڭ سۇ تارتىش كۈچى چوڭراق بولغاچقا، ئۇ قۇدۇقتىكى قۇم ـ لايىلارنىمۇ

سۇ بىلەن بىرگە تارتىپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن كۆپ ئۆتمەي ناسوسنىڭ سۇ سۈمۈرۈش ئېغىزى توسۇلۇپ، ناسوس ئوڭايلا بۇزۇلۇپ قالغان. ئوقۇتقۇچىلار ئەتىدىن-كەچكىچە ناسوسقا تىقىلىپ قالغان قۇمنى تازىلاش بىلەن ئاۋارە بولغان. بۇنى كۆرگەن سۇي چىڭخۇا ناسوسنىڭ سۇ كىرىش ئېغىزىغا بىر پارچە قۇم سۈزگۈچ ئورنىتىش تەكلىۋىنى قويغان. بۇ ئۇسۇلنىڭ باشتا بىرئاز ئۈنۈمى بولغان، لېكىن مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن سۈزگۈچنىڭ تۆشۈكلىرىنىمۇ قۇم ئېتىۋالغان. سۇي چىڭخۇا قايتا-قايتا ئويلىنىپ ئاخىرى باشقا بىر ئامال تاپقان. ئۇنىڭ بۇ ئامالى ئۇۋچىلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى ئورەك كولاپ، قىلتاق قويۇپ تۇتۇشىغا تەقلىت قىلىنغان بولۇپ، ئۇ سۈزگۈچنىڭ ئالدىغا بىر تال تىك تۇرۇبا ئورناتقان. بۇنىڭ بىلەن سۈزگۈچكە ئۇرۇلغان قۇم-لايلار تىك تۇرۇبىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ناسوسنىڭ ئېغىزى ئېتىلىپ قالمىغان، سۇ سۈزۈك ۋە راۋان چىققان.

## تۇخۇم يىققۇچ

خۇنەن ئۆلكىسى شاڭتەن ناھىيىسىدىكى چىڭلىيەن باشلانغۇچ مەكتىۋىنىڭ 3-يىللىق ئوقۇغۇچىسى پىڭ سەيبيەن تۇخۇم يىغىش ئەسۋاۋىنى كەشىپ قىلدى.

پىڭ سەيبيەننىڭ دادىسى ئاتمىش ياشتىن ئاشقان كىشى بولۇپ، ئۆيىدە يۈزدىن ئارتۇق ئۆدەك باققان. ھەر كۈنى يۈزگە يېقىن تۇخۇم يىغىشقا توغرا كەلگەچكە، بوۋاي ئەتىدىن-كەچكىچە ئېڭىشىپ يۈرۈپ تولىمۇ چارچاپ

كەتكەن، دادىسىغا ئىچى ئاغرىغان پىلك سەيپەن تۆمۈر ساپلىق تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن ساپ بېكىتىپ، ئىگىشمەي تۇرۇپ تۇخۇم يىغىدىغان ئەسۋاپ ياسىغان. بىراق، بۇ خىل ئەسۋاپ بىلەن بىر قېتىمدا ئاران بىر-ئىككى تۇخۇمنى تەرگىلى بولغان. سەيپەن ئويلاپ-ئويلاپ ئويلاپ ئاخىرى باشقا بىر ئامال تاپقان. ئۇ تومراق كەلگەن بىر تال بامبۇك كالتەكنى تېپىپ، ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى يانتۇ قىلىپ ئويۇلغان، يەنە بىر تەرىپىنىڭ بوغۇمىدىن كېيىنكى قىسمىنى كېسىپ تاشلىغان، ئاندىن بامبۇك كالتەكنىڭ ئويۇلغان ئۇچىدىن تاكى بوغۇمغىچە بولغان ئارىلىقنى يېرىپ يوچۇق ھاسىل قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇزۇن ساپ بېكىتكەن. بۇ ئەسۋاپ بىلەن تۇخۇم يىغقاندا، ئۆردەك تۇخۇمى ئويۇلۇق ئېغىزدىن بامبۇك كانايغا كىرىدۇ. ئۆردەك گەندىسى ۋە ئوت-چۆپ قاتارلىقلار يوچۇقتىن پەسكە چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەر قېتىمدا ئۈچ-تۆت تۇخۇمنى تېرىۋالغىلى بولىدۇ. پىلك سەيپەننىڭ دادىسى بالىسى ياسىغان بۇ ئەسۋاپنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ بەكمۇ خۇشال بولغان.

## قازاندىكى سۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغۇچ ئەسۋاپ

جۇجا گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ ئەنشۇن شەھىرىدىكى 7 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇيدۇ، ئۇ بۇ يىل توققۇز ياشتا، ئۇ قازاندىكى سۇنىڭ قايناپ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلغۇچى ئەسۋاپنى كەشىپ قىلدى.

ئۇلار ئۆيىدە موما پەشۇرۇۋاتقاندا، بىرلەچچە قېتىم قازاننىڭ سۈيى تۆكەپ كېتىپ، قازان ئېرىپ كېتىشكە تاس قالغان. جوجا بۇ خىل ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر ئەسۋاپ ياسىماقچى بولغان. ئۇ: «تۇۋاقتا بىر ئۇشتەك ئورناتسام قانداق بولار؟» دەپ ئويلىغان ۋە بۇ ئويىنى دادىسىغا ئېيتقان. دادىسى ئۇنى قوللىغان. جوجا تۇۋاقنىڭ تۇتقۇچى يېنىدىن بىر تۆشۈك تېشىپ، ئۇنىڭغا ئۇشتەك ئورنىدا بىر تۆمۈر نەيچە كىرگۈزگەن. ئۇنى قازانغا سېلىنغان جوۋىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى تۆشۈكتىن ئۆتكۈزۈپ، قازان ئىچىدىكى سۇغا چىلىشىپ تۇرغۇدەك قىلىپ، تۇۋاقتا مەھكەم بېكىتىۋەتكەن. قازاندىكى سۇ تولۇق ۋاقىتتا تۆمۈر نەيچە سۇغا چىلىشىپ تۇرغاچقا، ئۇ جىم تۇرىدۇ. قازاندا سۇ تۆكۈشكە ئاز قالغاندا، ھور (پار) نەيچىدىن تېز سۈرئەتتە قىسىلىپ چىققاچقا، ئۇشقىرتقان ئاۋاز چىقىدۇ. بۇ، قازاندا سۇ تۆگىگەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ.

ماتېرىياللاردىن: مەمتىمىن بۇرھان

ئېشىنىش ئېشەنمەسلىك ئۆزىمىزدە

قۇلاق ئادەم بەدىنىدىكى بىردىن - بىر توختىماي ئۆسۈپ تۇرىدىغان ئورگان.



# پاۋلوپ ۋە باللار

كەچقۇرۇنلۇغى موسكۋانىڭ پىيادىلەر يولىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەكسەن ياشتىن ئاشقان فىزىئولوگىيە ئالىمى پاۋلوپ چوڭ بىر بوخچىنى يۈدۈۋالغان ھالدا سەنتۈرۈلۈپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بۇ چاغدا بىرنەچچە كىچىك دوست يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— بوۋا، بوخچىڭىزنى بىز كۆتىرىشىپ بېرەيلى! — دېيىشتى.

— رەھمەت سىلەرگە، مەن بەدەن چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن ئېغىرلىق كۆتىرىپ سەيلە قىلىۋاتىمەن، — دېدى پاۋلوپ باللارغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بوۋا، نېمە ئۈچۈن بۇنداق چاپالىق چېنىقىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراشتى باللار ئۇنىڭدىن.

— باللىرىم، سىلەرگە بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرسەم بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ، — بۇرۇن بىر تۆلكە شىرنى يەۋەتمەكچى بولۇپ، يولۋاس بىلەن بۆرىگە ئۆزىنى شىرنىڭ يېنىغا باشلاپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بولار بىرلىشىۋېلىپ شىرغا خوشامەت قىپتۇ-دە، سىلى- ئۆزلىرى ئۇنداق پادىشا، مۇنداق ئەۋلىيا دەپ ئۇنى تازا پۈدەپ ئۇچۇرۇپتۇ ھەمدە ھەر كۈنى شىرغا ئىسسىق يېمەكلىكلەرنى يەتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ. شىرنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ غار ئىچىدە يەپ-لا يېتىپ، ئۇخلاپ كۈن ئۆتكۈزۈۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن شىر ھورۇنلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشمۇ، ئېگىشمۇ خوش- ياقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى تۈلكە، يولۋاس، بۆرە ئۈچىسى غارغا كىرىپ كەپتۇ. تۈلكە سوغاق-قىنە كۈلۈپ قويۇپ:

— سەن ئۆزەڭچە بىزنى سېنى ئۆمۈرۋايەت باقىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ بىز ئاۋال سېنى زەئىپلەشتۈرۈپ ئاندىن باپلىماقچىمىز، — دەپتۇ- دە، ئۈچى تەڭلا ئېتىلىپ بېرىپ، شىرنى پارە- پارە قىلىپ تاشلاپتۇ.

چۆچەك تۈگىشى بىلەنلا بىر كىچىك دوست خوشاللىغىدا:

— بوۋا، مەن چۈشەندىم، سىزنىڭچە، ئادەم تاماقتىن كېيىن ھەركەت قىلىشى كېرەك، بولمىسا زەئىپلىشىپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— گېپىڭ قىسمەن توغرا، — دېدى پاۋلوپ تاغا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئادەم يەپلا ھەركەت قىلمىسا ئاشقازان- ئۈچەيلەرنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ، قان ئۇزۇن ۋاقىت ئاشقازان- ئۈچەيلەرگە يىغىلىپ قالىدۇ- دە، يۈرەك، مېڭە قاتارلىق ئەزالىرىغا قان يېتىشمەسلىك ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم زەئىپلىشىپ، ھورۇن، لەقۋا بولۇپ قالىدۇ. يەپلا ھەركەت قىلمىغاندا، ئارتۇقچە ماي تېرە ئاستىغا يىغىلىپ، مۇسكۇللار بوشىشىپ، ئادەم تېزلا قوساق سېلىپ كېتىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئادەم يەپلا ھەركەت قىلمىغاندا تەن ئاجىزلىشىپ كېسەلچان بولۇپ قالىدۇ، ئۆمرى قىسقىرايدۇ.

كىچىك دوستلار خوشاللىغىدىن چۇقۇرۇشۇپ چاۋاك چېلىشتى- دە:

— بىزمۇ سىزدىن ئۆگىنىپ، ھەر كۈنى بەدەن چېنىقتۇرىمىز، — دېيىشتى.

— بۇ ياخشى ئادەت، — پاۋلوپ تاغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى- دە، ھېلىقى بوخچىسىنى يۈدۈپ ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

خەنزۇچىدىن **ئادىل ئابدۇراخمان تەرجىمىسى**

# كۆينەك رەڭگىدىكى ئىلمىلىق

يازلىق تەتىلنىڭ بىر كۈنى، دادام بازارغا كۆينەك سېتىۋېلىشقا چىققىنىدا، مېنىمۇ بىللە ماگىزىنغا ئېلىپ باردى. مەن ماگىزىنغا كىرىپ كۆينەكلەرگە سەپسالسام، تەگىدىن تولىسى ئاق رەڭلىك ئىكەن. مەن بۇ ئىشقا ئەجەپلىنىپ دادامدىن: «نىمىشقا كۆك ۋە قارا رەڭلىك كۆينەكلەر ئاز، ئاق ۋە سۇر رەڭلىك كۆينەكلەر كۆپ بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم. دادام: «ئاق ۋە سۇر رەڭلەرنىڭ باشقا رەڭلەرگە نىسبەتەن ئىسسىقلىقنى قوبۇل قىلىشى ئاجىز بولىدۇ، شۇڭا ئۇچاڭغا كىيسەڭ سالقىنراق تۇرىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن بۇ گەپكە ئىشىنە ـ ئىشەنمەيلا قالدىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشلۈكى، مەن بىر تېرمومېتىر ۋە ئوخشاشمىغان رەڭلەردىكى تۆت پارچە كىچىك لاتا تېپىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ئاق لاتىنى تېرمومېتىرنىڭ تۆۋەنكى يېرىمىغا ئوراپ، كۈن نۇرىغا 5 مىنۇت قاقلاپ، ئۆرلەپ چىققان تېمپېراتۇرا سانىنى خاتىرىلىۋالدىم. ئارقىدىن تېرمومېتىرنى سالقىن جايدا مۇزلىتىپ، ئەسلىدىكى 28 گىرادۇسقا كەلتۈردۈم. يۇقۇرقى ئۇسۇل بويىچە، قالغان 3 خىل رەڭدىكى لاتىنىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن تېرمومېتىرغا ئوراپ، كۈن نۇرىغا 5 مىنۇت قاقلاپ، ئايرىم ـ ئايرىم ئۆلچەپ چىقتىم. خاتىرىلىگەن تېمپېراتۇرا پەرقى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولۇپ چىقتى:

| رەخت رەڭگى | كۈن نۇرىغا قاقـلانغان ۋاقىت | تېمپېراتۇرا |
|---|---|---|
| ئاق | 5 مىنۇت | 34 °C |
| سۇر | 5 مىنۇت | 36 °C |
| كۆك | 5 مىنۇت | 37 °C |
| قارا | 5 مىنۇت | 44 °C |

مانا مۇشۇ تەجرىبە ئارقىلىق، مەن بۇ سىرنى بىلىۋالدىم. شۇ سەۋەبتىن، كىشىلەر يازدا سۇس رەڭلىك، قىشتا قېنىق رەڭلىك كىيىم كىيىشنى ياخشى كۆرىدىكەن ـ دە!

بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، مەكتەپتىن ئوقۇغۇچىلارنى دەرەخ ئۇرۇقى يىغىشقا ئۇيۇشتۇرغان ئىدى.

ھەدەم بىلەن ئىككىمىز بىرمۇنچە ئارچا دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىنى يىغىپ كەلدۇق. ھەدەم ئۆيگە كېلىپلا دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى بىر پارچە يېڭى گېزىت ئۈستىگە يايدى ـ دە، قۇرۇتقىلى ئاپتاپقا سېلىپ قويدى. مەن بىر پارچە ئەسكى قارا ھوم قەغىزى تېپىپ كېلىپ پاكىز تازىلىدىم ـ دە، ھەدەم ئۇرۇق ياپقان گېزىتنىڭ يېنىغىلا سېلىپ، ئۇرۇقلىرىمنى ئاپتاپقا يېيىپ قويدۇم. ھەدەم: «نەدىكى ئەسكى بىر نەمىنى تېرىپ كەلدىڭ، قاپ ـ قارا ھوم ئىكەنغۇ، سەن دەرەخ ئۇرۇقىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەنسەن» دەپ كايىغاندەك قىلدى. مەن كۈلۈپ قويدۇم ـ دە، گەپ تالىشىپ ئولتۇرمىدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن، قۇرۇغان دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى يىغىۋاتقاندىكى كۆرگەن ھەدەم كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قېتىپلا قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ تېخى قۇرۇمىغان دەرەخ ئۇرۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، مەن بىكار قىلىپ قويغان ھېلىقى قارا ھوم قەغەز ئۈستىگە يۆتكەپ قويدى.

ئۇرۇمچىدىن: ئۆمەرجان مۇھەممەت

# قىزىقارلىق ھىكايە



زوچېنكو (سوۋېت ئىتتىپاقى)

ئۇرۇش باشلانغان چاغدا كىلىيا سوتلوپ ساناق سانىنى ئۇنغىچە سانىيالايتتى. ئەلۋەتتە ئۇنغىچە ساناش ئىنتايىن ئازلىق قىلىدۇ. لېكىن بەزى باللار ھەتتا ئۇنغىچىمۇ سانىيالمايدۇ. ئالايلۇق، مەن لايەى دەيدىغان بىر كىچىك قىزنى تونۇيمەن، ئۇ ئاران بەشكىچە سانىيالايدۇ. ئۇ قانداق سانايدۇ دېسەمسىز؟ ئۇ: «بىر، ئىككى، تۆت، بەش» دەپ «ئۈچ» نى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ كۈلگۈسىنى كەلتۈرۈپ مۇشۇنداقمۇ سانىغان بارمۇ؟ بۇ قىزدىن كەلگۈسىدە بىرەر ئىلىم - پەن خادىمى ياكى ماتېماتىكا پىروفېسسورى چىقىشى ناتايىن. ئېشىپ كەتكەندە، بىر ئائىلە ئايىلي ياكى سۈپۈرگە كۆتىرىۋېلىپ ھويلىلارنى سۈپۈرىدىغان ئىشچى بولالىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ سان ساناشنىمۇ قاملاشتۇرالمىغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ - دە، ئەمدى بىزنىڭ كىلىياغا كەلسەك، ئۇ ئۇنغىچە سانىيالايتتى. شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈنمۇ ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىگىدىن باشلاپ ئون قەدەم ماڭدى، ئاندىن گۈرجەك بىلەن ئۇرا كولاشقا باشلىدى. ئورىنى كولاپ بولۇپ ئۇنىڭغا بىر ياغاچ ساندۇقنى سالدى. ساندۇقتا ئاياقلىق كاتكى، كىچىك پالتا، قول ھەرىسى، قىرىنداش ئۈچلايدىغان قەلەمتىراچ، فار-فور توشقان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەر خىل نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇ ساندۇقنى



AltunOq

كۆمۈپ بولۇپ ئۈستىنى دەسسەپ چىڭداپ قويدى ھەمدە بۇ يەرنىڭ بىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت سېرىق قۇم چېچىپ قويدى.

ئەمدى مەن سىلەرگە كىلىيانىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بۇ نەرسىلەرنى نېمە ئۈچۈن كۆمۈپ قويغىنىنى دەپ بېرەي. ئۇ ئانىسى ۋە مومىسى بىلەن قازان شەھرىگە كەتمەكچى. چۈنكى بۇ چاغدا گېرمان فاشىستلىرى ئۇلارنىڭ يېزىسىغا بېسىپ كىرىشكە ئاز قالغاچقا، يېزا خەلقى ئالدىراپ كۆچۈشۈۋاتاتتى. دېمەكچى، كىلىيا ئانىسى ۋە مومىسى بىلەن كەتمەكچى بولدى. ئەلۋەتتە، بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ- دە!

دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئانىسى بىر قىسىم نەرسىلەرنى ساندۇققا سېلىپ، فاشىستلارنىڭ بۇلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يەرگە كۆمۈپ قويدى. ئانىسى ئۆي ئىشىكىدىن باشلاپ ئوتتۇز قەدەم ماڭدى. بۇ، ساندۇقنىڭ قەيەرگە كۆمۈلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىدى. كەلگۈسىدە ساندۇقنى تېپىش ئۈچۈن ھويلىنىڭ ھەممە يېرىنى قېزىپ چىقىش كېرەكمىدى؟ فاشىستلار يېزىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان كۈنلەردە ئوتياشلىق تەرەپكە قاراپ ئوتتۇز قەدەم ماڭسىلا ساندۇقنى تاپالايدۇ- دە! شۇنداق قىلىپ، ئانىسى ئىشىكتىن ئوتتۇز قەدەم نېرىقى جايغا ساندۇقنى كۆمۈپ قويدى. كىياچۇ؟ ئۇ ساناق سانىنى ئاران ئونغىچە سانىيالىغاچقا، ئون قەدەم مېڭىپ شۇ يەرگىلا ساندۇقنى كۆمدى.

شۇ كۈنى كىلىيا ئانىسى ۋە مومىسى بىلەن قازان شەھرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇلار تۆت يىلغا يېقىن تۇردى. كىلىيا چوڭ بولۇپ مەكتەپتە ئوقۇدى. ساناق سانى يۈزدىنمۇ ئارتۇق سانىيالايدىغان بولدى. فاشىستلار ئاخىرى كىلىيانىڭ

يېزىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. كىلىيانىڭ يېزىسىدىنلا ئەمەس، ۋەتەن تۇپرىغىدىنمۇ پۈتۈنلەي قوغلاپ چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىلىيانىڭ ئانىسى مومىسى بىلەن بىرگە يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

ئاھ، ئۇلار يېزىسىغا كىرگەن چاغدا نەقەدەر ھاياجانغا چۆمدى ــ ھە! «ئۆيلەر بارمىدۇ؟ فاشىستلار كۆيدۈرۈۋەتمىگەندۇ ــ ھە، كۆمۈپ قويغان نەرسىلەرچۇ؟ بەلكىم فاشىستلار ئۇ نەرسىلەرنى تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەتكەندۇ، ھەي! ئۇلار ئاياقلىق كانكىنى، كىچىك ھەردىنى ۋە پالتىنى ئېلىپ كېتىشكەن بولسا، نېمە دېگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ــ ھە!» دەپ ئويلىشاتتى.

كىلىيا ئاخىرى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئۆي بىر ئاز ۋەيران قىلىنغان، ئۆيدە قالدۇرۇلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى فاشىستلار بۇلاپ كېتىشكەن ئىدى. لېكىن ئانىسى:

— ھېچۋەقەسى يوق، كۆمۈپ قويغان نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز بار. ھىساپنىڭ تازا پايدىسى بولدى. ئەگەر بىز ئوتتۇز قەدەم يەرنى نىشانلاپ قويماي خالىغان يەرگە ساندۇقنى كۆمۈپ قويغان بولساق ھازىر قەيەرنى كولىشىمىزنى بىلمىگەن بولاتتۇق، — دېدى.

ئانىسى ساندۇقنى ئاچتى. ساندۇقنى بىر قەۋەت ماي قەغەزگە ئوراپ قويغاچقا، ئىچىدىكى نەرسىلەر ساپ- ساق، ئازىراقمۇ نەم تارتمىغان ئىدى. ئانىسى بىلەن مومىسى خۇشاللىقىدىن «ئاپەۋ ــ ئايدىڭ كېچىلەر» دەپ ناخشا ئېيتىپ كېتىشتى.

كىلىيا گۆرجەك ئېلىپ كېلىپ، ئون قەدەم ماڭغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى باللارغا:

— ئەگەر مەن نەرسىلىرىمنى ئون قەدەم ئارلىقنى نىشانلاپ كۆممەي، خالىغان يەرگە كۆمگەن بولسام، ھازىر نەدە ئىكەنلىگىنىمۇ بىلمىگەن بولاتتىم. ھىساپنىڭ كىشىلەرگە پايدىسى ھەقىقەتەن چوڭ ئىكەن. ھىساپ بولغاچقا مەن ھازىر

قەيەرنى كولايدىغانلىغىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، — دىدى.



كىليا سوز-
لىگەچ يەرنى كولاشقا
باشلىدى. ئورا شۇن-
چە چوڭقۇر كولان-
غان بولسىمۇ، ساند-
دۇق كۆرۈنمەيتتى.
ئۇ ئوڭغا قارىتىپمۇ
كولاپ باقتى، سول
تەرەپىتىنمۇ كولاپ
باقتى. ساندۇق يە-
نىلا چىقمىدى. بال-
لار كىليانى مەسخىرە قىلىشىپ:

— سىنىڭ ھاۋاڭ ئەسقاتمىدى، بەلكىم نەرسىلىرىڭنى فاشىستلار ئىلىپ كىتىشكەندۇ،—دىيىشتى. كىليا:

— ياق، دۈشمەنلەر بىزنىڭ چوڭ ساندۇقنى تاپالمىغان يەردە، مىنىڭ نەرسىلىرىمنى تىپىۋىلىشى ناتايىن، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەپ بار،— دىدى.

كىليا گۈرجەكنى تاشلاپ قويۇپلا پەلەمپەيگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ خاپىلىقتىن بىشى قىتىپ، پىشانىسىنى سىلاپ تۇرۇپ تۇيۇقسىزلا:

— توختاڭلار ئاغىنىلەر، تاپتىم. مەن بۇ ساندۇقنى تۆت يىل بۇرۇن كۆمگەن. ئۇ چاغدا مەن تىخى كىچىك ئىدىم. قەدىممۇ ئىنتايىن كىچىك ئىدى. ھازىر مەن توققۇز ياشتىن ئاشتىم. قاراڭلار، چامدىمىمۇ بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر ھەسسىچە چوڭايدى. شۇڭاقەدەم سانىنى ئەسلىدىكىسىدىن يىرىم ھەسسە ئاز ھىساپلاپ، ئون قەدەم ئەمەس، بەلكى

بەش قەدەم مېڭىشىم كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ساندۇقنى چوقۇم تاپالايمەن، — دېدى. كىليا ئۆينىڭ ئىشىكىدىن بەش قەدەم مېڭىپ يەرنى كولىغان ئىدى، بىردەمدىلا ساندۇقنى تېپىۋالدى.

— دوستلار، ھېساپ تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى چۈشىنىشكە ماھىر كىشىلەرگىلا ئاسانلىق ئېلىپ كېلىدىكەن. ۋاقىت ئۆزلۈكسىز ئۆتۈپ تۇرىدۇ. بالىلارمۇ كۈندىن-كۈنگە چوڭ بولىدۇ. قەدەممۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزگەرمەيدىغىنى يوق، — دېدى كىليا خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

كىليا ساندۇقنى ئېچىۋىدى، ھەممە نەرسە ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. ھەتتا تۆمۈردىن ياسالغان نەرسىلەرمۇ داتلاشماپتۇ. چۈنكى كىليا ئۇلارغا ماي سۈرتۈپ قويغان ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، كىليانىڭ دادىسى قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۈچۈن ئوردىن ئالغان ئىدى. كىليا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دادىسىغا سۆزلەپ بەردى. دادىسى ئۇنى ئەقىللىق، چېچەن دەپ ماختىدى.

كۆپچىلىك بەخت خۇشاللىقىغا چۆمگەن ھالدا ناخشا ئېيتىشتى، ھەتتا ئۇسۇل ئويناپ كېتىشتى.

(1945 - يىل)

**خەنزۇچىدىن تۇرسۇن تىلىۋالدى تەرجىمىسى**

**37 - 36 - بەتتىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋاۋى**

1. ئانار 2. قەنت 3. ياڭاق 4. سۈت 5. شەپەرەڭ
6. يوپۇرماق 7. كۆلەڭگە 8. ئۆردەك بالىسى 9. چۆمۈلە
10. تۈز 11. قارىياغاچ 12. پىل 13. تېلېفون

# يېشىل گىيا

مەلىكە شىلىنتۇك (تايلاند)

ياپ - يېشىل مايسىغا ئوخشايسەن،
يۇمرانسەن، چىرايلىق، ئوماق سەن.
شوخ شامال ئەركىلەپ ئۆتكەندە
كۈيلەيمەن شەنىڭگە قوشاق مەن.
يېنىڭدا ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپ
باقىمەن زوقلىنىپ، ئاراقىمەن.



ياپ - يېشىل مايسىغا ئوخشايسەن،
يۇمرانسەن، چىرايلىق - كۆركەمسەن.
ئۈستۈڭدە مارجىنىك - شەبنەم بار،
تارتىسەن زوقۇمنى ھەردەم سەن.
سۆيىدۇ موزىيىم ھەم سېنى.
كۆڭلۈمگە ھەمراسەن، ھەمدەمسەن.

ياپ- يېشىل مايسىغا ئوخشايسەن،
يۇمرانسەن، چىرايلىق- گۈزەلسەن.
سۆيىمەن تونۇشقىنىم ھەم سېنى،
كۈيلەيمەن شەنىڭگە غەزەل مەن.
ئامراقمەن ئەي گىيا مەن ساڭا،
يېنىڭدىن كەتمەيمەن ھەردەم مەن.

خەنزۇچىدىن ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى

## تەلەي سىناش



بىر كۈنى ،بىر باي مالىيىنى كۆز- گە ئىلمىغان هالدا:
— ھەي گاداي، سەن مېنىڭدەك تەلەي- لىك ئەمەس،— دەپتۇ.

مالايمۇ بايغا لەپپىدە بىرقاراپ قويۇپتۇ- دە:
— بىراق، سېنى بۇگۈن نەس باسىدۇ،— دەپتۇ.
— مېنى نىمىشقا نەس باسىدۇ؟
—سەن ئاۋال ماڭا پۇل بەرسەڭ ئاندىن ئېيتىپ بېرىمەن.
باي مالىيغا پۇل بېرىپتۇ. مالاي پۇلنى ئاپتۇ- دە، ئالدىرىماي تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:
—سەن بۇگۈن بىھۇدە پۇل خەجلىدىڭ.

خەنزۇچىدىن ھەسەنجان تەرجىمىسى

# ئەكس سادا

## (بىر پەردىلىك دراما)

### يىڭنۇي شياۋ ياۋ (ياپونىيە)

ئۇدۇلدا ئىگىز تاغ، تاغ باغرىدا بىر دىخان ئۆيى. بىر بالا بۇ يەرگە ئانىسى بىلەن يازلىق تەتىلنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن.

دالاڭ: (بەش-ئالتە ياشلاردا، سەھنىگە خوشال-خورام هالدا كىرىدۇ) بەك خوشالمەن! بەك خوشالمەن! ئانام بۇيەرنىڭ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇم. ئەمدى ئويناشتىن باشقا ئىش قالمىدى. (سۆزلەۋېتىپ خوشاللىقىدىن ئۇيان - بۇيانغا سەكرەپ ئوينايدۇ)

دالاڭ: ياشىسۇن! ياشىسۇن!

تاغ تەرەپتىن ئەكس سادا كېلىدۇ

ئەكس سادا: ياشىسۇن! ياشىسۇن!

دالاڭ چۆچۈپ ھەيرانلىق بىلەن ئەتراپقا قارايدۇ.

دالاڭ: ھەي! (ئۆز - ئۆزىگە) بۇ كىمدۇ؟ (ئاۋازىنى ئۈنلۈك چىقىرىپ) سەن ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟

ئەكس سادا: سەن ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟

دالاڭ: مەن دالاڭ بولىمەن!

ئەكس سادا: مەن دالاڭ بولىمەن!

دالاڭ: دالاڭ دىگەن مەن بولىمەن!

ئەكس سادا: دالاڭ دىگەن مەن بولىمەن!



دالاڭ: ياق! سەن دالاڭ ئەمەس!
ئەكس سادا: ياق! سەن دالاڭ ئەمەس!
دالاڭ: مانا مەن دالاڭ!
ئەكس سادا: مانا مەن دالاڭ!
دالاڭ: هەي! ئەجەپ ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدىغان نىمىكەنسەن!
ئەكس سادا: هەي! هەجەپ ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدىغان نىمىكەنسەن!
دالاڭ: تويغازدىڭغۇ كىشىنى!
ئەكس سادا: تويغازدىڭغۇ كىشىنى!
دالاڭ: ماڭە يولۇڭغا!
ئەكس سادا: ماڭە يولۇڭغا!
دالاڭ: سەن كۈچۈك!
ئەكس سادا: سەن كۈچۈك!

ئانىسى دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىدۇ

ئانا: دالاڭ، كىمگە بۇنچىلا قوپال ۋاقىراۋاتىسەن.
دالاڭ: (ئومچىيىپ) ئانا، ئاۋۇ تەرەپتە بىر ئەسكى بالا بار ئىكەن. مېنى دوراۋاتىدۇ.
ئانا: نىمە، سەن ئۇنى نىمە دىگەن ئىدىڭ؟
دالاڭ: مەن ئۇنىڭغا، سەن مېنى جاق تويغۇزدۇڭ، يولۇڭغا ماڭ، سەن كۈچۈك! دىگەنتىم.
ئانا: سەن ئۇنىڭغا ياخشى سۆز قىلىپ سىناپ باققىن.

ئانا دەرىزىدىن نېرى كېتىدۇ.

دالاڭ: (تاققا قاراپ) هەي، هەي...
ئەكس سادا: هەي، هەي...
دالاڭ: خاپا بولما، بايا مەن خاتا قىپتىمەن!
ئەكس سادا: خاپا بولما، بايا مەن خاتا قىپتىمەن!
دالاڭ: ئىككىيلەن دوست بولساق قانداق دەيسەن؟

**ئەكس سادا:** ئىككىيلەن دوست بولساق قانداق دەيسەن؟

**دالاڭ:** بۇ يەرگە كېلىپ ئويناپ كەت!

**ئەكس سادا:** بۇ يەرگە كېلىپ ئويناپ كەت!

**دالاڭ:** بۇ ياققا كەل!

**ئەكس سادا:** بۇ ياققا كەل!

**دالاڭ:** مەن بارالمايمەن!

**ئەكس سادا:** مەن بارالمايمەن!

**دالاڭ:** ئۇنداق بولسا بىز مۇشۇنداق تۇرۇپ سۆزلىشەيلى!

**ئەكس سادا:** ئۇنداق بولسا بىز مۇشۇنداقتۇرۇپ سۆزلىشەيلى!

**دالاڭ:** بولامدۇ؟

**ئەكس سادا:** بولامدۇ؟

**دالاڭ:** بولىدۇ!

**ئەكس سادا:** بولىدۇ!

ئانىسى دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىدۇ.

**ئانا:** دالاڭ، تاماق يەۋال. ئۆيگە يېنىپ كىرگىن.

**دالاڭ:** ماقۇل! (تاققا قاراپ) تاماق يەۋالاي، ئەمدى بولدى قىلايلى! خوش ئەمىسە!

**ئەكس سادا:** تاماق يەۋالاي، ئەمدى بولدى قىلايلى! خوش ئەمىسە!

**ئانا:** دالاڭ، تېزراق بول، جايىڭدا تۇرۇپلا قالدىڭغۇ؟

**دالاڭ:** ئانا، بايا سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز بويىچە سىپايىلىق بىلەن ئۇ بالىغا سۆز قىلىشۇدىم، ئىككىيلەن يارىشىپ قالدۇق.

**ئانا:** هەم، ئوبدان بوپتۇ! باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، باشقىلارمۇ ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ؛بۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلا جۇمۇ. قېنى، ئەمدى تېزراق يېنىپ كىرگىن. — دىراما ئاخىرلىشىدۇ.

**خەنزۇچىدىن قادىر ھەسەن تەرجىمىسى**

## شېرنىڭ كارامىتى

زىمىستان قىشنىڭ بىر كۈنى، نيۇيوركنىڭ بىر ئاۋات چوڭ كوچىسىدا بىر ئەما تىلەمچى تۇراتتى. ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلغان ۋىۋىسكىغا «مەن تۇغما ئەما» دەپ يېزىلغان ئىدى.

بىر كۈنى، بىر شائىر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ شائىردىن سەدىقە سورىدى. شائىر ئۇنىڭغا: «مەنمۇ ناھايىتى كەمبەغەل، شۇنداقتىمۇ مەن ساڭا باشقا بىر نەرسە بېرەي» دىدى-دە، ئۇنىڭ بويىنىدىكى ۋىۋىسكىغا بىر جۈملە سۆز يېزىپ قويدى. شۇ كۈنى تىلەمچى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھېسداشلىغىغا ۋە سەدىقىسىگە ئېرىشتى. كېيىن، ئۇ يەنە ھېلىقى شائىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئەجەپلەنگەن ھالدا: «سەن ماڭا نىمە يېزىپ بەرگەن؟» دەپ سورىۋىدى، شائىر كۈلۈپ قويدى-دە، ۋىۋىسكىدىكى ئۆزى يېزىپ قالدۇرغان ھېلىقى جۈملىنى ئوقۇپ بەردى: «باھار كەلدى، لېكىن مەن ئۇنى كۆرەلمەيمەن.»

**خەنزۇچىدىن راھىلە داۋۇت تەرجىمىسى**

بۈيۈك غايىگە يېتىش ئۈچۈن، ئىشنى كىچىكىدىن باشلاش كېرەك.

**— ۋ. ئى. لېنىن**

غايىلىك كىشىلەر، تۇرمۇشتا ھامان قىزغىن كېلىدۇ.

**— ئى. ۋ. ستالىن**

AltunOq

# چوت ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى

بىر ئىلىم-پەن خادىمى ئۇزۇن يىل كۆزىتىش ئار-قىلىق مۇنداق بىر نەرسىنى بايقىغان: چوتنى ھەم توغرا، ھەم تېز سوقالىغان ئوقۇغۇچىنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە ئىنكاس كۈچى باشقا ئوقۇغۇچىلارغا قارىغاندا نىسبەتەن كۈچلۈك بولىدىغانلىقى ھەمدە باشقا دەرسلەردىكى نەتىجىسىنىڭمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

بۇنىڭ سىرى نەدە؟ ئەسلىدە چوت ئۆگىنىشنىڭ ئەقلى كۈچنى ئۆستۈرۈشكە پايدىسى كۆپ.

تىببى ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئادەم مېڭىسىدە قول بارماقلىرى بىلەن تۇتاشقان نېرۋىلارنىڭ ئىگەللىگەن دائىرىسى زور ئىكەن. ئەگەر بۇ نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنى دائىم ئويغۇتۇپ بەرسىڭىز مېڭىڭىز بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىدىكەن. چۈنكى چوت سوققاندا سىزنىڭ مېڭىڭىز بارماقلىرىڭىزغا قوماندانلىق قىلىپ، چوتنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاققان ھەركەتلەندۈرىدۇ، قول بىلەن مې-ڭىنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى زىچلىشىدۇ، ئىنكاس بارغانسېرى تېزلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، چوت مەشىقىنى ئورۇنلاۋاتقىنى-ڭىزدا سانلارنى كۆرۈش بىلەن ئۇنى ئەستە تۇتۇش ئوتتۇ-



رىسىدىكى جەريانىدا دائىم دىگۈدەك زېھىن كۈچىڭىز ئىنتايىن مەركەزلىشىپ، ھەر بىر ئىنچىكە جايلار-نىمۇ ئاسانلىقچە قويۇپ

بەرمەيسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىڭگىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق.

كىچىك دوستلار، چوت سوقۇشنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋېلىڭلار، ئۇ زېھنىن كۈچىڭلارنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاجايىپ پايدىلىق!

**ماتېرىياللاردىن: قۇربان ئەلى**

## دوستلار تەكلىپ

△ سىز ۋاقىتنى ئىنتايىن قەدىرلەڭ. ئۇ گويا بىر بىباھا گۆھەر. ئەگەر ھەر كۈنى بەلگىلىك ۋاقىت چىقىرىپ خەنزۇ تىلى ياكى چەت تىلىدىن 5 تىن سۆز ئۆگەنسىڭىز، 3 يىلدا 5475 سۆز ئۆگىنەلەيسىز. بۇنداقتا سىز چەت تىلىدا بىر پارچە ماقالا يازالايدىغان سەۋىيىگە يېتىسىز.

△ تۇرمۇشتا رەتلىك بولۇڭ. ئاخشىمى ئۇخلاش ۋاقتىدا كىيىملىرىڭىزنى قالايمىقان تاشلىماي، ھەممە نەرسىڭىزنى رەتلەپ قويۇڭ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئالدىراپ قالمايسىز. تازىلىقنى سۆيۈڭ. ياتقاندا پۇت، قوللىرىڭىزنى يۇيۇپ يېتىڭ، ئۇنداقتا بىر خىل ئاراملىق ھېس قىلىسىز ۋە ئەتىسى يەڭگىل قوپۇسىز.

△ كۈندە سەھەر قوپۇشقا ئادەتلىنىڭ. ئەتىگەنلىك چېنىقىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇڭ ۋە مىڭىڭىز ئوچۇق ۋاقىتتا دەرسلىرىڭىزنى تەكرارلىۋېلىڭ. بۇ سىزگە ئادەت بولۇپ كەتسۇن. سەھەر تۇرۇپ چېنىقىشنى ئادەت قىلالىسىڭىز، بەدىنىڭىزنىلا چېنىقتۇرغان بولماستىن، ئىرادىڭىزنىمۇ چېنىقتۇرغان بولىسىز. سەھەر قوپسىڭىز مەكتەپكە بارغىچىمۇ بەك ئالدىراپ كەتمەيسىز، كەيپىياتىڭىزمۇ خۇشخۇي بولىدۇ، غەيرىتىڭىزمۇ تولۇپ تاشىدۇ.

△ بىر كۈنلۈك پىلانىڭىزنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن كۆڭۈل قويۇپ بىرەر پەدە مۇزىكا ئاڭلاش ياكى بىرەر پارچە ھېكايە ئوقۇڭ، ئاتا-ئانىڭىزغا ياردەملىشىڭ ياكى سىرتقا چىقىپ دوستلىرىڭىز بىلەن مەنىلىك ئويۇنلارنى ئويناڭ. خاتىرجەملىك بولغاندىلا سالامەتلىكنى ئاسرىغىلى بولىدۇ.

△ ئائىلە ۋە مەكتەپتە ئۆزىڭىز قىلالايدىغان ئىشلارنى ئۆزىڭىز قىلىڭ، ئامال بار ئاتا-ئانىڭىز ۋە باشقىلارنى ئاۋارە قىلماڭ. پەقەت قىلالمىسىڭىز باشقىلاردىن ياردەم سورىسىڭىز بولىدۇ. مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش ياش-ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

△ باشقىلار سۆزلىشىۋاتقاندا سۆزىنى بۆلۈۋەتمەڭ. سەۋرچانلىق بىلەن باشقىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش بىر خىل ئىسىل پەزىلەت. دوستلىرىڭىز بىرەر ئىشنى ئاستا ئىشلىسە، ھەتتا ئۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمىسىمۇ ئۇنى زاڭلىق قىلماڭ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىڭ. ھەرگىزمۇ باشقىلار ئىش قىلىۋاتقاندا ئارىلىشىۋېلىپ قالايمىقان ئەيىبلىمەڭ.

△ باشقىلار قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ياردەم بېرىش بىر خىل ئىسىل پەزىلەت. بىرەر ساۋاقدىشىڭىز دەرستە كېيىن قالسا ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ھەمكارلىشىڭ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق تارتسا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇڭ. چۈنكى، سىزمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا باشقىلارنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولىسىز.

△ بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ئۈچۈن، مەسىلەن: بىرەر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ قالسىڭىز، ئاتا-ئانىڭىز ۋە ساۋاقداشلىرىڭىزدىن ئازار يېسىڭىز ياكى ساۋاقداشلىرىڭىز

بىلەن بىرەر قىيىن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ قالسىڭىز، ئاچچىقىڭىزنى ياكى بىر كازىچىلىك ياكى بىلەتچىلىككە يولۇقۇپ قالسىڭىز ھەرگىز خاپا بولماڭ. سەۋرچانلىق بولغاندىلا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدۇ.

△ تۇرمۇشىڭىزدىكى بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار، مەسىلەن: دوستلىرىڭىزنىڭ كۆپلۈگى، كۆرگەن كىنولىرىڭىزنىڭ سانى ياكى كىيگەن يېڭى كىيىمىڭىز، يىگەن ياخشى تاماقلىرىڭىز بىلەن ماختىنىپ يۈرمەڭ. بىلەمسىز، ئەخمەق ئادەملەرلا ئۆزىنى-ئۆزى ماختاپ بازارغا سالىدۇ، ھەتتا خالىسانە قىلغان بىرەر ياخشى ئىشىڭىز بىلەنمۇ ماختانماڭ، سىزنى باشقىلار ماختىسۇن.

△ ئۆزىڭىزدىن كىچىكلەرنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە دەرھال بېرىپ ئاجرىتىۋېتىڭ. ياندا تۇرۇپ تاماشا كۆرمەڭ ۋە دەيدەيگە سالماڭ. كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش بىر خىل ئىسىل پەزىلەت.

△ باشقىلار بىلەن كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ سوقۇشماڭ، ئۇلارغا يول قويۇڭ، ئۇنداقتا سىز ھۆرمەتكە ئىگە بولىسىز.

△ ياخشى تۇرمۇش ئادىتىگە ئىگە باللار بىلەن دوست بولۇڭ. بۇ سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا خوشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزدە ياخشى تۇرمۇش ئىستىلى ۋە ئۆگىنىش پوزىتسىيىسى تۇرغۇزۇشىڭىز كېرەك. شۇندىلا باشقىلار سىز بىلەن دوست بولۇشنى خالايدۇ.

راھىلە داۋۇت

# موكاپات لوگقىسى قانداق كېلىپ چىققان

چوڭ تېپىنكى تەنھەركەت مۇسابىقىلىرىدا چېمپىيونلارغا دائىم دىگۈدەك مۇكاپات لوگقىسى تارقىتىلىدۇ. بۇ خىل هاراق رومكىسىغا ئوخشايدىغان نەرسە قانداق قىلىپ شان-شەرەپنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى؟

غەرپلىكلەرنىڭ تارىخى كىتاپلىرىدا يېزىلىشىچە قەدىمقى زاماندا، ئەنگلىيىدە ئېدفا ئىسىملىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. بىر قېتىم، زىياپەتتە ئۇ باشقىلار تۇتقان هاراقنى قوبۇل قىلىپ ئىچىۋاتقان چاغدا بىر قاتىل ئۇنىڭ يەلكىسگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئەنگلىيىدە زىياپەت باشلانغان هامان مېھمانلار تەرتىپ بويىچە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى رومكىدا بىر يۇتۇمدىن هاراق ئىچىدىكەن. بىر كىشى هاراق ئىچكەن چاغدىمۇ باشقىلار ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرىدىكەن. بۇ، هاراق ئىچكەن كىشىنىڭ ئېدفاغا ئوخشاش پاجىئەلىك سۇيىقەستكە ئۇچراپ قالماسلىقى ئۈچۈن قوغدى-غانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ خىل قائىدە-يوسۇن رومكىسى Loring - cup (ئاسراش رومكىسى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ دەسلەپ پەقەت ئاقسۆڭەكلەرگىلا تەقدىم قىلىناتتى. كېيىن، بىر قېتىملىق تەنھەركەت يىغىنىدا بىر ئاقسۆڭەك بىر چېمپىيونى ماختاپ، ئۇنىڭغا بىر دانە Loring-cup تەقدىم قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بىر خىل ئادەتكە ئايلانغان. هازىرقى مۇكاپات لوگقىسى ئەنە شۇ Loring-cup دىن كېلىپ چىققان.

ماتېرىيالاردىن: قۇربان ئەلى



AltunOq

# تۇزۇماس گۈل

سىز تۇزۇماس گۈلنى كۆرگەنمۇ؟ بەلكىم ئالاھىدە ئامراق گۈللىرىڭىز تۇزۇپ كەتكەندە بەكمۇ ئەپسۇسلانغان بولغىيتتىڭىز؟ سىزگە گۈلنى تۇزۇتماسلىقنىڭ بىر چارىسىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. بۇ چارە بىلەن ياسالغان گۈلنى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارغا ئەۋرىشكە ئورنىدا كۆرسەتكىلىمۇ، زىننەت بۇيۇمى قىلىپ ئۆينى زىننەتلەشكىمۇ بولىدۇ.

ماتېرىيال ۋە سايمان: ئۆچ-تۆت تال يېڭى ئېچىلغان گۈل. گۈلنى بەرگى، ياپراقلىرى بىلەن كېسىۋېلىڭ. ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. يەنە بەش قۇتا كرېمنىلىق يىلىم، ۋازېلىن، موم، موي قەلەم، ۋاكۇئۇملۇق قۇرۇتقۇچ، ھاۋا شورۇش ماشىنىسى، ئىسسىق ساقلاش ساندۇقى قاتارلىقلارنى تەييارلاڭ.

ئىشلەش ئۇسۇلى: كرېمنىلىق يىلىمنى تېرىقتەك ئۇششاق كىرىستال ھالغا كەلتۈرۈپ، ۋاكۇئۇملۇق قۇرۇتقۇچقا بىر قۇتا قۇيۇڭ. گۈلنى ۋاكۇئۇملۇق قۇرۇتقۇچتىكى يىلىمغا پاتۇرۇپ بولۇپ يەنە كرېمنىلىق يىلىم قويۇڭ. ئەمما، يىلىمنى گۈلگە تەككۈزمەڭ. يىلىم گۈلنىڭ ياپراق ۋە بەر- گلىرىنى كۆتىرىپ تۇرغۇدەك ھالغا يەتكەندىن كېيىن گۈل ياپراقلىرى ئۈستىگە يەنە يىلىم قۇيۇڭ. يىلىم قۇيۇلۇۋاتقاندا گۈلنىڭ ياپراق ۋە بەرگلىرى قاتلىنىپ مايماق، سايماق بولۇپ قالمىسۇن. شۇنداق بولۇپ قالسا پەم بىلەن ئوڭشاپ قويۇڭ. گۈلنىڭ ياپراق ۋە بەرگلىرى تولۇق باسۇرۇلۇپ بولغاندىن

كېيىن ۋاكوئوملۇق قۇرۇتقۇچنىڭ ئېغىزىغا ۋازېلىن سۈركەپ قاپقىقىنى بېكىتىپ ھاۋا شۈمۈرۈش ماشىنىسىغا ئۇلاڭ. ھاۋانى قىرىق مىنۇتچە شۈمۈرگەندىن كېيىن ھاۋا كىرگۈچى ئېغىزنى چىڭ ئېتىپ ۋاكوئوملۇق قۇرۇتقۇچنى ئىسسىق ساقلاش ساندۇقىغا سېلىڭ. ئىسسىق ساقلاش ساندۇغىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 40°C تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بىر كۈندىن كېيىن ۋاكوئوملۇق قۇرۇتقۇچنى ئېلىپ، ھاۋا ئېغىزىنى ئېچىپ، ئىچىگە ھاۋا كىرگۈزۈڭ، ئاندىن قاپقاقنى ئېچىڭدە، كىرىمىندىلىق يېلىمنى ئاستا، بەم بىلەن تۆكۈڭ. موي قەلەم بىلەن گۈلنىڭ ياپراق، بەرگىلىرىدىكى يېلىم ئۇگۈنىدىلىرىنى سۈرتىۋېتىڭ. ئاندىن ياپراق، بەرگىلەرگە موي قەلەم بىلەن نېپىز بىر قەۋەت موم سۈركەڭ. موم بەك قېلىن بولۇپ كەتمىسۇن. مۇشۇنداق قىلغاندا ياپراقلار سارغىيىپ كەتمەيدۇ. پۈتۈن مەشغۇلات جەريانىدا گۈلنى زىيان-زەخمەتكە ئۇچراتماسلىق، مايماق-سايماق قىلىپ قويماسلىققا دىققەت قىلىڭ.

مەشغۇلات تاماملانغاندىن كېيىن گۈلنى بىر مۇۋاپىق بوتۇلكىغا سېلىڭ. گۈلنى نەملىكتىن ساقلاش ئۈچۈن ئاستىغا قۇرۇتۇلغان كىرىمنىلىق يېلىم قويۇڭ. ئاندىن بوتۇلكىنى ھىم ئېتىڭ. ئەگەر بوتۇلكا ھىم ئېتىلسە گۈل 20 — 30 يىلغىچە بۇزۇلمايدۇ، تۈزۈپ كەتمەيدۇ. شۇنداق قىلىپ سىز ئامىراق گۈل «مەڭگۈ تۇزۇماس گۈل» گە ئايلىنىدۇ.

**ماتېرىياللاردىن: ماخمۇتجان ئىسلام**




ئامېرىكىدا بالىلار مەكتەپتە ئوقۇمىسا بولمايدۇ. زور كۆپچىلىك شتاتلاردا مۇنداق بەلگىلىمە بار: ئالتە ياشتىن ئون سەككىز ياشقىچە بولغان ئۆسمۈرلەر مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى شەرت، ئوقۇش پۇلى تاپشۇرۇشقا قۇدرىتى يەتمەي-دىغانلار پۇلسىز ئوقۇيدىغان دۆلەتلىك مەكتەپلەردە ئوقۇسا بولىدۇ. ھازىر ئامېرىكىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى 50 مىليون بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرى ئادەتتە بەش ياشتىلا باشلان-غۇچ مەكتەپكە ۋە تەييارلىق مەكتەپلىرىگە كىرىدۇ. 70 پىرسەنت ئوقۇغۇچىلار ئون يەتتە يېشىدىلا ئوتتۇرا مەك-تەپنى پۈتتۈرىدۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇتۇش ئومۇمىيۈزلۈك تېلېۋىزىيە ۋە كىنو بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزى مەكتەپلەر ھەتتا ئوقۇتۇشتا ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى ئىشلىتىشكە باشلىدى.




تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە كەسپى دەرس-لەر ئۆتۈلىدۇ،

بۇنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، ماشىنىسازلىق تېخنىكىسى، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى، مەتبەچىلىك، تىبابەتچىلىك قاتارلىقلار بار.

ئامېرىكىدىكى نۇختىلىق تەبىئى پەن ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تولۇقسىز سىنىپلىرىدىن ئەلا ئوقۇغۇچىلارنى تاللىۋېلىپ، مەخسۇس تەربىيەلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تېخىمۇ تېز يېتىلدۈرۈپ، ئىختىساسلىق ئىلىم-پەن خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى مەخسەت قىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر نيۇيورك بۇرانكىس تەبىئى پەن ئوتتۇرا مەكتىۋىلا ئۈچ نەپەر نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىنى ۋە نۇرغۇن مەشھۇر ئالىم، ئىنژېنىر، دوكتور ۋە سىياسىيونلارنى تەربىيىلەپ چىققان. بۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەشھۇر داشۆلەرگە ئىمتىھان بېرىپ كىرەلەيدۇ، بىر قىسىم نەتىجىسى ئەلا ئوقۇغۇچىلار داشۆگە كىرىپلا 2-يىللىقنىڭ دەرسلىرىنى ئالالايدۇ، ھەتتا بىۋاستە 3-يىللىققا كىرىپ ئوقۇيدىغانلارمۇ بولىدۇ.

بۇرانكىس تەبىئى پەن ئوتتۇرا مەكتىۋى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەبىئى پەن تەتقىقاتى بىلەن مۇستەقىل شۇغۇللىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر بىرى بىلەن رىقابەتلىشىدۇ. شۇڭا بۇ مەكتەپتە دەرسلىككە ئېسىلىۋېلىپ قارىغۇلارچە ياتلايدىغان ياكى كىتاپتىكى نەق نەرسىلەرنىلا ھېساپلىيالايدىغان ئوقۇغۇچى ياخشى ئوقۇغۇچى ھېساپلانمايدۇ. مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكلىشى، ياردىمى ئارقىسىدا نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئون ئالتە-ئون يەتتە ياشتىلا قىممىتى بار تەتقىقات

نەتىجىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. مەسىلەن: بۇرانكىس مەكتىۋىدىكى ئون ئالتە ياشلىق بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش جەھەتتە مۇستەقىل كۆزقارىشى بار ئىكەن. ئۇ لىنزىلاردىن پايدىلىنىپ قۇياش نۇرىنى يىغىپ، باشقا ئۈسكۈنىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن 100 مىڭ كىلوۋات سائەت توك چىقارغان. شۇڭا ئۇ ئامېرىكا قۇۋۋەت مەنبە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. مۇشۇنداق نەتىجىلەر باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ ئۆگىنىش ئاكتىپچانـلىقىنى قوزغايدۇ. مۇشۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر كىشى مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئانا مەكتىۋىم شۇنداق بىر خىل ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش كەيپىياتىنى ياراتقانكى، ھەرقانداق بىر ئوقۇغۇچى مەلۇم بىر ساۋاقداشنىڭ بىر خىل يېڭى بىلىمنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئاڭلىسا، ئۇمۇ جەزمەن شۇنىڭغا ھەۋەس قىلىدۇ-دە، ئۆيىگە قايتىپلا چوقۇم شۇنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. مانا بۇ بۇرانـكىس تەبىئىي پەن ئوتتۇرا مەكتىۋىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاجايىپ كۆپ بىلىملەرنى ئۆگەنگەنلىكىنىڭ ۋە تېخىمۇ تېز ئالغا باسالىغانلىقىنىڭ توپ سەۋەبى.

بۇرانكىس تەبىئىي پەن ئوتتۇرا مەكتىۋى گەرچە ئەڭ ئىختىدارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرـسىمۇ، ئەمما، ئايرىم نەتىجىسى ناچار ئوقۇغۇچىلارغا تاشـلىۋېتىش پوزىتسىيىسىنى قوللانمايدۇ، بەلكى ئوقۇتقۇچى بەلگىلەپ ئايرىم ياردەم بېرىدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ تەرتىپ ئىنتىزامى ئىنتايىن چىڭ. بىرەر ئوقۇغۇچى دەرسكە قاتنىشالمايدىغان بولۇپ قالسا، ئائىلە باشلىقى ئىمزا قويغان ئىسپات بولۇشى شەرت؛ كېچىكىپ قالسا، ئىشخانىغا كىرىپ كېچىككەنلىك گۇۋاھنامىسىنى ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىنىڭ رۇخسىتى بىلەن سىنىپقا كىرەلەيدۇ.

Altunoq

نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار دەرستىن سىرت ۋاقىتلىرىدا ياكى تەتىللەردە ئىش تېپىپ ئىشلەيدۇ: ئۇلار گېزىت سېتىپ ياكى بالا بېقىپ پۇل تاپىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەيدۇ. مەسىلەن: رېستورانلارغا بېرىپ چىنە-تەخسە يۇيىدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ بېرىدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش خىراجەتلىرىنى تولۇقلايدۇ. ئائىلە ئىقتىسادىدا قىيىنچىلىق بولمىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ مۇشۇنداق قىلىدۇ. چۈنكى ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارىشىچە، بىر بالا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنلا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ مۇستەقىل ياشىشى كېرەك، داشۆگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئائىلىسىدىن پۇل تەلەپ قىلىش ئىنتايىن سەت ئىش ھېساپلىنىدۇ.

ئامېرىكا ئۆسمۈرلىرىنىڭ دەرستىن سىرتقى قىزىقىدىغان پائالىيەتلىرىمۇ ئىنتايىن كۆپ. ئۇلار كالتەك توپى، ۋاسكېتبول ئوينايدۇ؛ سۇ ئۈزۈپ، قىسولۋاق ھەيدەيدۇ، دالا لاگېرىغا بېرىپ قونىدۇ. نۇرغۇن مەكتەپلەردە فوتو سۈرەتخانا، مۇزىكىخانا، تىياتىرخانا، سەنئەت كۇرژۇكى، ماركا توپلاش ئۇيۇشمىسى، تەبىئىي پەن كۇرژىكى ۋە مۇنازىرىلىشىش سورۇنى قاتارلىق ھەر خىل كۇلۇپلار تەسىس قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نەي مۇزىكا ئوركېستىرى، ھەربىي ئوركېستىر، خور ئۆمىكى قاتارلىقلارمۇ بار. بۇلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا پۇرسەت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە ماھارىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

لېكىن، ئامېرىكىدىكى بۇنداق مەشھۇر ئوتتۇرا ۋە ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پۇلى ناھايىتى قىممەت، پەقەت كاپىتالىستلارنىڭ بالىلىرىلا ئوقۇيالايدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ بالىلىرى بولسا ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا ۋە ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ.

# ئۇلار جەمىيەتتىن خەۋەرسىز قالغاندىن كېيىن...

ئادەم بىرنەچچە كۈن تاماق يېمىسە، ئېھتىمال، يىقىـ
لىپ قېلىشى مۇمكىن. مۇبادا ئۇدا بىرنەچچە كۈن ھېچنىمە-
دىن خەۋەر تاپالمىسىچۇ، ئۇ ھالدا قانداق بولۇپ قالار؟

ئامېرىكىلىق بىر پروفېسسور بىر قېتىم «خەۋەرسىزلىك»
تەجرىبىسىنى ئېلىپ بېرىپ دەل مۇشۇ قىزىقارلىق مەسىلىگە
جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ئۇ ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن
ئون نەچچىنى تەكلىپ قىلىپ، ھەر بىرىنى سىرت بىلەن زا-
دى ئالاقىلىشالمايدىغان بىر ئېغىزدىن ئۆيگە ئورۇنلاشتۇر-
غان-دە، ئۆيگە يېتەرلىك يېمەكلىكتىن باشقا كىتاپ، سا-
ئەت، رادىيو ۋە ئىچ پۇشۇغىنى چىقىرىدىغان ھەرقانداق
نەرسىنى پەقەت قويمىغان. ئۇ تەجرىبە قوبۇل قىلىدىغان ئو-
قۇغۇچىلارغا ئۆيدە بىر كۈن تۇرسا بىر ئۆلۈش ھەق بېرىدىـ
نى، كۆپ تۇرسا كۆپ بېرىشنى، ئۈچ كۈن تۇرالىسا ھەققىـ
نى ئۈچ ھەسسىلەپ بېرىشنى ئېيتقان، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆ-
پىنچىسى پەقەت ئىككى كۈندىگە ئاران چىدىغان، ئەڭ ئاز
تۇرغىنى يېرىم كۈن، ئەڭ ئۇزۇن تۇرغىنى ئۈچ يېرىم كۈن
بولغان. ئوقۇغۇچىلار ئۆيى ئىچىدىن چىققاندا، ئۇلارغا خۇدـ
دى ئۆزلىرى جەمىيەتتىن ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ كەتكەندەك
بىلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ ۋاقىت سېزىمى ئۆزگەرگەن ھەم باشـ
قا جىسمانى ئىقتىدارلىرىمۇ نورمالسىزلىشىپ كەتكەن. قىسقىسى،
ئادەتتىكى بىر ماقالىنى ئوقۇسىمۇ چۈشىنەلمەيدىغان دەرىجىگە
چۈشۈپ قالغان. فىزىئولوگىيە ئالىمىنىڭ قارىشىچە: بۇنىڭ
سەۋەبى، بۇ ئوقۇغۇچىلار بىرنەچچە كۈن جەمىيەتتىن خەۋەرسىز

قالغاچقا، ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان.

گۈرۈچ ۋە ئۇن بەدەننى ئۈستۈرىدىغان ئوزۇق، گېزىت، كىتاب، رادىيو، تېلېۋىزور، مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلار بىلەن بولغان ئالاقە بولسا روھىي ئوزۇق. ئىككى ئوزۇقتىن قايسىسى ئەڭ ئېھتىياجلىقتۇ؟ يېقىندا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر تەشكىلى ئامېرىكىدىكى بىر شەھەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ: «ئەگەر سىزنى بىر قاقاس ئارالغا ئاپىرىپ قويسا، شەھەردىن ئېلىۋالىدىغان بىرىنچى نەرسىڭىز نېمە؟» دەپ سورىغاندا، «رادىيو ئېلىۋالىمىز» دەپ جاۋاپ بەرگۈچىلەر ئەڭ كۆپ بولغان.

كىچىك دوستلار، بۇنىڭدىن خەۋەرنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا بىز گېزىت - ژورنال ئوقۇشقا، رادىيو ئاڭلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

**ماتېرىياللاردىن: دىلمۇرات**

## جاۋاپلار

**«جاڭ زىلۇڭنىڭ سىرلىق تېپىشماقنى تېپىشى» دېگەن تېپىشماقنىڭ جاۋاۋى:**

يولداش جاڭ زىلۇڭ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاپ بەردى:

— سىز قانداق قاچىلىغان بولسىڭىز مەنمۇ شۇنداق ئالىمەن. خىيالىڭىزدا قاچىلىغان توخۇنى مەنمۇ خىيالىمدا ئالىمەن.

**«چاشقاننىڭ ھساپ ئىشلىشى» دېگەن تېپىشماقنىڭ جاۋاۋى:**

بۇ چاشقانلار 12 ئايدا 27،682،574،402 گە يېتىدۇ.

# بۆگۆندىن باشلاپ ئۆزگەرتىڭ

بەزى كىچىك دوستلار دائىم سەرەڭگە ياغىچى قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن قۇلىقىنى كوچىلايدۇ، بۇنداق قىلغاندا قۇلاق يوللىرىدىكى تېرە ئوڭايلا زەخىملىنىپ، قۇلاق كېسەلى، قۇلاق يارىسى قاتارلىق كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىدۇ.

قۇلاقنىڭ ئىچىدە بىر قەۋەت نېپىز پەردە بولىدۇ، ئۇ سىرتقى ئاۋازلارنى ئاڭلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر سەرەڭگە ياغىچى بىلەن قۇلاقنى كوچىلىغاندا، قۇلاق پەردىسى تېشىلىپ كەتسە ئاڭلاش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ ياكى ئادەم گاس بولۇپ قالىدۇ.

بەزى كىچىك دوستلار بارمىقى بىلەن بۇرنىنى كوچىلاشقا ئامراق، بۇنداق قىلغاندا بۇرۇن يوللىرىدىكى شىللىق پەردە زەخىملىنىپ، بۇرۇن تولا قانايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇرۇن ئىچىدە ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا ئۆسۈۋاتقان نۇرغۇن تۈكلەر بولىدۇ، ئۇلار خۇددى ئىهاتە ئورمانلىقىغا ئوخشاش چاڭ-توزاڭ ۋە مىكروپلارنى توساپ، نەپەس يوللىرىنىڭ ساغلام بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بۇرۇندىكى تۈكلەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇندا قان تومۇرلار ناھايىتى زىچ بولۇپ، باشقا ئەزالارغا قارىغاندا قان ئايلىنىشىمۇ نىسبەتەن كۆپرەك بول-



دۇ. شۇڭا بۇرۇنغا يارا چىقىپ قالسا ئۇڭايلا قىزىرىپ ئىششىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنداق چاغدا دىققەتسىزلىكتىن پاسكىنا قولىڭىز بىلەن بۇرنىڭىزنى كوچىلاپ قويسىڭىز، مىكروپلار قان تومۇرلىرى ئارقىلىق مېڭىگە كىرىپ، ئۆلۈم ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن.

بەزى كىچىك دوستلار دائىم بارمىقىنى شۈمىدۇ، بىز قولىمىز بىلەن ھەر خىل مەينەت نەرسىلەرنى تۇتىمىز. ئەنە شۇنداق چاغدا پاسكىنا قولىمىزنى دىققەتسىزلىكتىن شۈمۈپ سالساق، مىكروپ ۋە پارازىت قۇرۇتلارنىڭ تۇخۇمى نەپەس يوللىرىمىزغا كىرىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇڭايلا جىگەر، تولغاق قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇۋالىمىز.

قولاق ۋە بۇرۇننى كوچىلاش، بارماق شۈمۈش قاتارلىق ناچار قىلىقلار ئادەتتىكىدەك بىر ئىش تۇيۇلسىمۇ، بىراق، ئۇ سالامەتلىككە تەسىر قىلىپلا قالماستىن، ھەتتا بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر سىزدە بۇنداق يامان ئادەت بولسا، بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزگەرتىڭ.

ماتېرىياللاردىن: ئابدۇشۈكۈر مەھەممەت

---

(بېشى 84 ـ بەتتە)

ئۆزۈمنى تويغىچە يەپتۇ. باغۋەن قايتىپ كەلگەن چاغدا قاغىنىڭ ئاغزى ئۆزۈمنى تولا يەپ كەتكەنلىكتىن قاماپ قېلىپ ئېچىلماي قاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ تا ھازىرغىچە ھەر ئۆزۈم پىشقىندا قاغىنىڭ ئاغزىغا يارا چىقىپ قالىدىكەن، ئۇ تۇمشۇقىنى توختىماي يەرگە سۈۋايدىكەن. شۇڭا شىزاڭلىقلاردا مۇنداق بىر سۆز بار:

ئۆزۈم پىشقاندا قاغىنىڭ ئاغزىغا يارا چىقار،
ۋەدىسىدە تۇرمىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى قاغىدەك بولار.



AltunOq

# مېنىڭ ئۇيقۇم ئەمدى قاچمايدىغان بولدى

مەن سىنىپ بويىچە داڭقى چىققان كىتاپ ۋە تېلېۋىزور مەستانىسى ئىدىم. تەتىل بولۇش بىلەنلا ئەمدى كىتاپ ۋە تېلېۋىزور خۇمارىمنى تازا چىقىرىۋالىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىدىم-دە، چۈشلۈگى ئۇخلىماي ھىكايە ئوقۇسام، كەچلىكى سائەت 11 دىن ئاشقىچە تېلېۋىزور كۆردۇم. شۇنداق قىلىپ، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ھالسىزلىنىپ بېشىم قايىدىغان، كېچىسى ئۇيقۇم قاچىدىغان، ئۇخلىغاندىمۇ تولا چۈش كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم.

ئوقۇغان ھىكايە - دەرسلىرىمۇ مېڭەمدە تۇرمايدىغان بولدى. ئۇيقۇسىزلىق ئادەمنى ئاجايىپ ئازاپلايدىكەن. بىر كۈنى كېچىچە زادى ئۇخلىيالماي چىقتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە دادام مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. بىر كۆزەينەكلىك دوختۇر تاغا ماڭا: ھازىر مېنىڭ تازا بوي تارتىپ ئۆسۈۋاتقانلىقىمنى، بۇنداق كېچىۋەرسەم ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىمنى، شۇڭا ھەر كۈنى يېتەرلىك ئۇخلاش ۋە دەم ئېلىشىم لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئازراق دورا بەردى. شۇندىن كېيىن دادامنىڭ ياردىمى بىلەن مەشغۇلات ۋاقتىمنى بەلگىلەپ، ئەتىگىنى دادام بىلەن بىللە يۈگۈرۈشنى، چۈشلۈگى بىر يېرىم سائەت، كەچلىكى سائەت 10 دىن بۇرۇن ئۇخلاشنى ئادەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ھازىر شۇنداق تاتلىق ئۇخلايدىغان بولدۇم ھەم بېشىم پەقەت قايمايدىغان، ئۇيقۇم پەقەت قاچمايدىغان، ئوقۇغان دەرسلىرىمۇ ئېسىمدە ساقلىنىدىغان بولدى.

**ئۈرۈمچىدىن: دىلمۇرات**

# كىچىككىنە پاشىنىڭمۇ زىيىنى چوڭ

پاشا ياز پەسلىدە ناھايىتى تېز كۆپىيىدۇ. ئازراقلا توختام سۇ بولىدىكەن، پاشا سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇقلىنىپ كۆپىيىدۇ. ھەر بىر چىشى پاشا تۆت ـ بەش كۈندە بىر قېتىم، ھەر قېتىمدا 200 دىن ئارتۇق لىچىنكىلايدۇ. لىچىنكا سەككىز ـ توققۇز كۈندىن كېيىنلا پاشىغا ئايلىنىدۇ.

پاشا كۈندۈزى قاراڭغۇ، زەي ۋە شامال تەگمەيدىغان جايلارغا مۆكۈنۈۋېلىپ، گۇگۇم ۋە تاڭ سەھەردىلا ئۇچۇپ چىقىپ ئادەمنى چاقىدۇ ۋە قېنىنى شورايدۇ. پاشىنىڭ ئەڭ چوڭ زىيىنى كېسەل تارقىتىدۇ، چوڭ مىڭە ياللۇغى، بەزگەك قاتارلىق كۆپ خىل يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى پاشا تارقىتىدۇ. شۇڭا پاشىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشىمىز لازىم.

پاشىنى يوقىتىشتا ئالدى بىلەن پاشىنى پەيدا قىلىش مەنبەسىنى يوقىتىش كېرەك. مەسىلەن: ئۈستى يېپىق ئېرىق ۋە يۇندا ئازگىلىنى ئادالاش؛ ئويمان ـ دۆڭ يەرلەرنى تۈزلەپ، توختام سۇلارنى تۆكتۈش؛ كۆلچەك ۋە شال ئېتىزلىرىدا بېلىق ۋە ئۆردەك بېقىش كېرەك. ئۆيلەرگە پاشا ئۆلتۈرۈش دورىسىنى چاچسىمۇ بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىش شۇكى، قالغاچ، شەپەرەڭ، يىڭناغۇچ، ئۆمۈچۈك، پاتمىچۇق، پاقىلارنىڭ ھەممىسى پاشىنىڭ كۈشەندىسى. شۇڭا بىز ئىنسانلارنىڭ بۇ دوستلىرىنى ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.

**ئۈرۈمچىدىن: دىلمۇرات**

## قەنتنى كۆپ يېمىگىز...

دۇنيادا بولغانغان ھاۋادىنمۇ ئېغىر بىر ئومۇمى ئاپەت ساقلانماقتا. ئۇ ــ قەنت. بەزى تەتقىقاتچىلار: قايسى دۆلەتتە قەنت ئەڭ كۆپ نىسبەتتە سەرپ قىلىنسا، شۇ دۆلەتتە ئۆلۈش شۇنچە كۆپ بولىدۇ، دەپ قارىماقتا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى 23 دۆلەتنى ئومۇمى يۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قەنت ئۆلۈمنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇردى. تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىغان كىشىلەر، كۈندىلىك ئىستىمالىدا قەنتنى ناھايىتى ئاز ئىشلىتىدىغان بولغاچقا، ئۇلاردا ئارتېرىيە تومۇرى قېتىش ۋە قەنت سىيىش كېسەللىگى بولمايدۇ. ئالىملار ھايۋاناتلاردا تەجرىبە قىلىپ، قەنتنى كۆپ ئىستىمال قىلىش بىلەن ئېرسىيەت مۇناسىۋەتتىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. يەنى، قەنت سىيىش كېسەللىگى ئېرسىيەتلىك بولىدۇ. قەنت چىشقىمۇ ناھايىتى زىيانلىق. تۇرمۇشى تەرەققى تاپقان دۆلەتلەردە قىرىق ياشتىن يۇقۇرى كىشىلەردىن چىشىنى زاماسكىلايدىغانلار ياكى يېڭىدىن چىش سالدىغانلار ناھايىتى كۆپ. سەھىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر قەنتنىڭ زىيانلىقىنى دەرھال سەزمەيدۇ، ئۇنىڭ زىيىنى تەدرىجى ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا كىچىكىڭىزدىن قەنتنى ئاز يېيىشكە ئادەتلىنىڭ.

ماتېرىياللاردىن: يۈسۈپ مەھەممەت



# خوراز بىلەن ئۆدەك

(جۇاڭزۇ خەلق چۆچىكى)

بىر كۈنى، خوراز بىلەن ئۆدەك دەريا بويىغا سەيلە-گە بېرىپتۇ. خوراز يولدا كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ گۈ-زەللىگىنى ماختاپتۇ ھەمدە ئۆدەكنى مازاق قىلىپ:

— سېنىڭ پۇتلىرىڭ خۇددى دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يول ماڭغاندا ئۇيان-بۇيان ئىغاڭشىپ تولىمۇ سەت ماڭىدىكەنسەن، — دەپتۇ.

— سېنىڭ بىر جۈپ گۈزەل قانىتىڭ بار، سەن چو-قۇم پەرۋاز قىلىپ ئېگىز ئۇچالايسەن، — دەپتۇ ئۆدەك.

خوراز ئۆزىنى ئاجىز كۆرسىتىشنى خالىماي، پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپلا، دەريانىڭ ئۇ قانتىغا ئۇچۇپ ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى بىر كۆرسەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ ئەمدىلا ئۇچۇپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ھېرىپ كېتىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ سۇ ئۈزەي دىسە ئۈزەلمەپتۇ، ئۇچاي دىسە يا ئۇچالماپتۇ، ئاخىرى ئالاقىزادە بولۇپ «قۇتقۇزۇۋال!...» دەپ توۋلاپتۇ.

ئۆدەك دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈزۈپ بېرىپ، خورازنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، خورازغا:

— مۇشۇ بىر جۈپ سەت پۇتلىرىمغا تايىنىپ سېنىڭ جېنىڭنى قۇتقۇزۇۋالدىم، — دەپتۇ.

خورازنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، ئىنتايىن خىجالەت بوپتۇ.

ئەنە شۇندىن كېيىن، خوراز ماختىنىشقا پېتىنالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ.

# قاغىنىڭ قەسىمى

(زاڭزۇ خەلق چۆچىكى)

بىر باغۋەن بار ئىكەن، ئۇ بىر ئۈزۈمەلۈك باغ بىنا قىپتۇ. ئۈزۈملەر تازا پىشىپ، بىددشتە مەرۋايىتتەك پارقىراپ ساڭگىلاپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۈيدە ئوتۇن تۈگەپ قاپتۇ. باغۋەن تاققا بېرىپ ئوتۇن ئەپكەلمەكچى بوپتۇ. ئۇ باشقىلارنىڭ ئۈزۈمنى ئوغرىلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئىككىلىنىپ تۇرغاندا، قاغا ئۆزلىگىدىن كېلىپ مەردانىلىق بىلەن:

— ئاكا، كېرەك يوق، سەن تاققا ئوتۇن ئالغىلى كېتىۋەرگىن، مەن سېنىڭ ئورنىڭدا قاراپ تۇراي — دەپتۇ.

— سەن قانداق قارايسەن؟ — دەپتۇ باغۋەن.

— ئۇ ئاددى ئىشقۇ، كىم ئۈزۈم ئوغرىلىغىلى كەلسە، مەن دەرھال ئۇنىڭ كۆزىنى چوقۇۋالىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرلا ۋاقىرايمەن ـ دە، سەن قايتىپ كېلىسەن! — دەپتۇ قاغا. باغۋەن ئويلاپ بېقىپ:

— ئۇنداقتا، سەن ئوغرىلاپ يېمەمسەن؟ — دەپتۇ.

— مەن سېنىڭ ئۈزۈمىڭنى ئوغرىلاپ يېسەم، ھەر يىلى مۇشۇنداق چاغدا ئاغزىمغا يارا چىقسۇن! — دەپ قەسەم ئىچىپتۇ قاغا. ئۇ ئاخىرىدا يەنە، — سەن خاتىرجەم بولغىن، مەن ئۇنداق يارىماس ئىشلارنى قىلمايمەن، — دەپتۇ.

باغۋەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە راستىنلا ئىشىنىپ، باغنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ ـ دە، تاققا ئوتۇنغا كېتىپتۇ.

قاغىغا بەكمۇ قولايلىق بوپتۇ. ئۇ بىددشتىن ـ بىددشقا ئۇچۇپ يۈرۈپ، بۇ ساپاقنى بىر، ئۇ ساپاقنى بىر چوقۇپ،

(ئاخىرى 79 ـ بەتتە)



AltunOq



## چاشقاننىڭ ھېساپ ئىشلىشى

بىر قېتىملىق تازىلىق تەشۋىقاتىدا، تازىلىق تەشۋىقاتچىسى «چاشقاننىڭ ھېساپ ئىشلىشى» دېگەن تېمىدا سوئال چىقىرىپ كۆپچىلىكنىڭ ھېساپلاپ كۆرۈشىنى ھاۋالە قىلدى. ئۇ شۇ ئارقىلىق چاشقان يوقىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىدى.

ئۇ: 1-ئايدا بىر جۈپ چاشقان 12 بالا تۇغۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى ئەۋلات 14 كە يېتىپتۇ. ئەگەردە ئۇلارنىڭ يېرىمى ئەركەك، يېرىمى چىشى بولۇپ، 2-ئايدا بۇلارنىڭ ھەر بىر جۈپى 12 دىن تۇغسا، جەمى 84 چاشقان بولىدۇ. بۇلارغا ئالدىنقى بىرنەچچە ئەۋلات چاشقانلارنى قوشقاندا، 3 ئەۋلات چاشقان جەمى 98 بولىدۇ. ئەگەر چاشقانلار مۇشۇ سۈرئەت بىلەن كۆپىيىۋەرسە، 12 ئايدا جەمى قانچە بولىدۇ؟

بۇ سان كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئىشەنمىسىڭىز ھېساپلاپ كۆرۈڭ.

# جاك زىلۇگنىڭ سىرلىق تېپىشماقنى تېپىشى

1982 ـ يىل كۈزدە، ئامېرىكىنىڭ لوس ـ ئانژېلېس شەھىرىدە جۇڭگو ئامېرىكا يازغۇچىلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندىن كېيىن داغدۇغىلىق زىياپەت ئۆتكۈزۈلدى. زىياپەتتە ئامېرىكا شائىرى ئەيلۇن جىنسبوك ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى جاك زىلۇگقا بىر تېپىشماق ئېيتتى. ئۇ ماختىنىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى: «بۇ تېپىشماقنى مەن ئېيتقىلى تۇرغىلى 20 يىل بولدى، ئەمما هازىرغىچە هېچ قانداق كىشى تاپالىغىنى يوق.»



يولداش جاك زىلۇگمۇ ماختىنىپ شۇنداق دېدى: «مەن ئۈچ ياشۋاقتىمدىن تارتىپ تېپىشماق ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، ئەمما نا هازىرغىچە جاۋاپ تاپالمىغۇدەك ئۇنداق قىيىن تېپىشماققا دۇچ كېلىپ باققىنىم يوق.»

جىنسبوك مۇنداق بىر تېپىشماقنى ئېيتتى:

«5 جىڭ كېلىدىغان بىر توخۇ پەقەت بىر جىڭ سۇ پاتىدىغان بىر بوتۇلكىغا قاچىلانغان. سىز ئۇنى قانداق ئالالايسىز؟»

يۇمۇرلەتىپە، تېپىشماق ئېيتىش جۇڭگو خەلقىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنى تۇرسا، بۇ ئۇنىڭغا تەسادىپىي تۇيۇلىدۇ دەمسىز؟ يولداش جاك زىلۇگ بۇنىڭغا قىسقىلا جاۋاپ بەر-

دى. جىنسىبوك بولسا باش بارمىغىنى چىقىرىپ: «بۇ تېپىشماقنى سىز بىرىنچى بولۇپ تاپتىڭىز!» دېدى.

ئەقىللىق كىچىك دوستلار، يولداش جاڭ زىلۇڭ ئۇنىڭغا قانداق جاۋاپ بەردى؟

تۈزگۈچى: ھەسەنجان سۇلايمان

## كېنگۇرۇ قانچە مېتىر يۈگۈردى



مەيداندا جىددى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. كېنگۇرۇ كۈچۈكتىن 1.5 ھەسسە تېز يۈگۈرەيدۇ. كۈچۈك ئېيىق بالىسىغا قارىغاندا 4 ھەسسە تېز يۈگۈرەيدۇ. ئېيىق بالىسى بولسا مايمۇندىن يېرىم ھەسسە ئاستا يۈگۈرەيدۇ. ئۇلار بىر ۋاقىتتا يۈگۈرگەن. مايمۇن 200 مېتىرغا يۈگۈرۈپ بارغاندا كېنگۇرۇ قانچە مېتىرغا باردى؟

ئاتا ـ ئانىنى ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەت بىلەن سۆي.
بۇ سۆيۈش ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ باشلانمىسىدۇر!

# سوغاق ئىچىملىكلەر دۇكىنىدا

ئەخمەت ئايالى بىلەن سوغاق ئىچىملىكلەر دۇكىنىغا كىرگۈزدى، ئۇ يەردە ئادىل ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. كۈتكۈچى ئۇلاردىن نېمە ئىچىدىغانلىقىنى سورىدى.

— ماڭا بىر ئىستاكان لىمون سۈيى بېرىڭ، — دېدى ئەرلەرنىڭ بىرى.

— سىز ئىچمەكچى بولغان كافىغا قەن سالامدۇ - يوق؟ — دەپ سورىدى بىر ئايال يەنە بىر ئايالدىن.



— بىز ئەر-خوتۇن ئىككىمىز پىۋە ئىچمەيمىز، — دېدى ئەخمەتنىڭ ئايالى. ئادىل بىلەن يەنە بىر ئايال:

— بىز لىمون سۈيى ئىچمەيمىز، — دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن كۈتكۈچى بىر ئىستاكان پىۋە، بىر ئىستاكان كافى، بىر ئىستاكان چاي ۋە بىر ئىستاكان لىمون سۈيى ئېلىپ كەلدى. قېنى، ئويلاپ كۆرۈڭلار، كىم نېمە ئىچتى؟

# تاش مۈشۈك

سايىمنىڭ ئۆيىدە چاشقان كۆپىيىپ كەتتى. ئۇ بىر مۈشۈك باقتى. مۈشۈك چاشقانلارنىڭ ئەدىۋىنى تازا بېرىپ، چاشقانلارنى تامامەن يوقاتتى. ئەمما، كۈنلەر ئۆتۈپ مۈشۈك ئۆلۈپ قالدى. يەنە چاشقانلار پەيدا بولدى، بارا-بارا كۆپىيىپ كەتتى. سايىم «مۈشۈك باقسام ئۆلۈپ قالىدىكەن، ئارقىدىنلا چاشقان يەنە پەيدا بولىدىكەن» دەپ ئويلاپ، تاشتىن بىر مۈشۈك ئويدۇرۇپ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا قويدى. بۇ تاش مۈشۈك چاشقاننى كۆرگەن ھامان ئوقتەك ئېتىلىپ بارىدۇ، چاشقاننى تۇتۇپ سايىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ تاشلايدۇ.

بۇ ھېكايە ئاڭلىماققا بەكمۇ بىمەنە، نېمە ئۈچۈن؟

# تەربىيىلەنگەن كۈچۈك

قەشقەرلىك قويچى سارىخان بىر كۈچۈك سېتىۋالدى-دە، ئۇنىڭغا «بارىس» دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ بۇ كۈچۈكنى قوي بېقىشقا ماھىر، گەپ ئۇققىدىغان، نېمىنى قىل دېسە شۇنى قىلالايدىغان ئاجايىپ داڭلىق بىر ئىت قىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولدى. ئۇ ئالتايدا ئىت تەربىيىلەشكە ناھايىتى ئۇستا بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، كۈچۈكنى شۇ ئادەمگە ئەۋەتىپ بەردى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. «بارىس» تەربىيىلىنىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى. ئەمما، «بارىس»



AltunOq



نىمە ئۈچۈن دۇرسار ىخانىنىڭ گېپىنى ئۇقالمىدى، ئۇ بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالمىدى. بىراق، ئىت كۈندۈرگۈچىنىڭ خېتىدە: «باردىس بەك ئەقىللىق ئىكەن. ئوبدان تەربىيىلەنىدى. ئۇ بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان بولدى» دېيىلگەن ئىدى. بۇ زادى قانداق گەپ؟

**تۈزگۈچى: ماخمۇتجان ئىسلام**

---

**«كېنگۇرۇ قانچە مېتىرغا يۈگۈردى» دىگەن تېپىشماقنىڭ جاۋاۋى:**

كېنگۇرۇ 1000 مېتىرغا يۈگۈرۈپ بارغان.

**«سوغاق ئىچىملىكلەر دۇكىنىدا»:** ئەخمەت چاي، ئەخمەتنىڭ ئايالى كافى، ئادىل لىمون سۈيى، ئادىلنىڭ ئايالى پىۋە ئىچكەن.

**«تاش مۈشۈك»:** تاش مۈشۈك جانسىز، شۇڭا ئۇنىڭ چاشقاننى كۆرۈشى، تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھىكايە بىمەنە تۈيۈلىدۇ.

**«تەربىيىلەنگەن كۈچۈك»** كۈچۈك ئالتايدا قازاق تىلىدا تەربىيىلەنگەن. شۇڭا ئۇ سارىخانىنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزىنى چۈشىنەلمەي، ئۇ بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشنى ئورۇنلىيالمىغان.

## ھېساپلىيالامسىز؟

1. چىلەك، چايدان قاتارلىق نۇرغۇن قاچىلار نېمە ئۈچۈن چاسا شەكىللىك قىلىپ ياسالماستىن، سىلىندىرسىمان قىلىپ ياسىلىدۇ؟ خىمىيىلىك رېئاكسىيە قاچىسى نېمە ئۈچۈن شارسىمان قىلىپ ياسىلىدۇ؟

2. بەزى ئالىملار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا بەزى كەشپىياتلارنى ياراتقان. مەسىلەن، ئەنگلىيىلىك ماتېماتىك گائۇس (1777—1855) ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. بىر كۈنى ئۇنىڭ مۇئەللىمى مۇنداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان: ناتۇرال سان 1، 2، 3،……98، 99، 100 لەرنىڭ يىغىندىسى قانچە؟

ساۋاقداشلار مەسىلىنى ئەستايىدىل ئىشلەۋاتقاندا، گائۇس مەسىلىنى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا ئىشلەپ بولۇپ قولىنى كۆتەرگەن.

كىچىك دوستلار، سىلەر بۇ ئاددىي ھېساپلاش ئۇسۇلىنى بىلەمسىزلەر؟ ئەگەر ناتۇرال سان 1، 2، 3، ……9لارنىڭ يىغىندىسىنى تېپىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇنى قانداق ھېساپلايسىلەر؟

3. كىچىك دوستلار، سىلەر ئەنگلىيىلىك يازغۇچى سىۋىفتنىڭ «گۇلليۋېرنىڭ ساياھىتى» دېگەن كىتاۋىنى ئوقۇغانمۇ؟ ئۇنىڭدا مۇنداق بىر مەسىلە بار: گۇلليۋېر بىر قېتىم...



لىق دېڭىز سەپىرىدە كۆتۈلمىگەندە گىگانتلار دۆلىتىگە بېرىپ قاپتۇ. گىگانتلار دۆلىتىنىڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى سۇڭ ئىكەن. بىر سۇڭ دەل گۇللىۋېرنىڭ دۆلىتىدىكى بىر چى ئۇزۇنلۇققا تەڭ ئىكەن. ئەگەر گىگانتلار دۆلىتىدىكى بارلىق نەرسىلەر گۇللىۋېرنىڭ دۆلىتىدىكى نەرسىلەرنىڭ 12 ھەسسىسىگە تەڭ بولسا (12 سۇڭ بىر چى)، ئۇ ھالدا، گىگانتلار دۆلىتىدىكى ئادەتتىكى بىر ئادەمنىڭ ئېغىرلىقى گۇللىۋېردەك بىر ئادەم ئېغىرلىقىنىڭ نەچچە ھەسسىسىگە تەڭ بولىدۇ؟ ئەگەر ئۇلار-نىڭ يەيدىغان تاماقى ئېغىرلىقىغا توغرا تاناسىپ بولسا، مە-سىلەن، گۇللىۋېر بىر ۋاخلىقىغا 500 گىرام تاماق يېسە، گىگانتلار دۆلىتىدىكى بىر ئادەم بىر ۋاخلىقىغا قانچە گىرام تاماق يەيدۇ؟

**تۈزگۈچى: ئايشەم سوپى**

## جاۋابلار

1. چىلەك، چايدان قاتارلىق نۇرغۇن قاچىلار چاسا شەكىللىك ئەمەس، سىلىندىرسىمان قىلىپ ياسىلىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، سىغىم تۇراقلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا سىلىندىر-سىمان سىرتقى يۈز چاسا شەكىللىك سىرتقى يۈزدىن كىچىك بولىدۇ، ئۇنى ياساش ئۈچۈن كېتىدىغان ماتېرىيالمۇ ئازراق بولىدۇ. بەزى خىمىيىلىك رېئاكسىيە قاچىلىرى شارسىمان قى-لىپ ياسىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، سىرتقى يۈز تۇراقلىق بولغان ئەھۋال ئاستىدا، شارسىمان ھەجىم ئەڭ چوڭ بولىدۇ.

2. كىچىك گائۇس، مۇئەللىم ئوتتۇرىغا قويغان مەسى-لىنى بىر قۇر ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، رەقەملەرنى چوڭ-

كىچىكلىك تەرتىۋى بويىچە يېزىپ چىقتى-دە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنداق قانۇنىيەت بارلىقىنى بايقىدى:
$1+100=101$، $2+99=101$، ……، $50+51=101$.
يۇقۇرقى رەقەملەرنى $\frac{100}{2}$ جۈپ، يەنى 50 جۈپ قىلغىلى بولىدۇ، ھەر بىر جۈپ سانىنىڭ يىغىندىسى 101، شۇڭا بۇ يۈز دانە ناتۇرال سانىنىڭ يىغىندىسى $101\times 50=5050$ بولىدۇ. بۇنى فورمۇلىلاشتۇرساق مۇنداق بولىدۇ: $\frac{n(n+1)}{2}$
(بۇنىڭدىكى n بولسا ئەڭ ئاخىرقى ئەزا). ناتۇرال سان 1، 2، 3، ……، 9 لارنىڭ يىغىندىسىنى تېپىشنىڭ تېخىمۇ ئاددى ئۇسۇلى بار. چۈنكى بۇ ناتۇرال سانلارنىڭ سانى تاق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئەزاسى 5 نى ئېلىپ، ئۇنى ئەزا سانى 9 غا كۆپەيتسەكلا بولىدۇ، يەنى $5\times 9=45$. يىغىپ ئېيتقاندا، يىغىندىسى تېپىلىدىغان سانلارنىڭ سانى تاق بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئەزاسىنى ئەزا سانىغا كۆپەيتىش كېرەك.

3. گىگانتلار دۆلىتىدىكى ئادەمنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىگى، كۆكرەك كەڭلىگى ۋە توغرىسى گۇلليۋېرنىڭ 12 ھەسسىگە تەڭ بولغانلىقتىن، گىگانتلار دۆلىتىدىكى ئادەمنىڭ ئېغىرلىقى گۇلليۋېرنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ $12\times 12\times 12=1728$ ھەسسىگە تەڭ بولىدۇ. دېمەك، گىگانتلار دۆلىتىدىكى بىر ئادەم بىر ۋاخلىقتا گۇلليۋېرنىڭ بىر ۋاخلىق تامىقىنىڭ 1728 ھەسسىگە باراۋەر كېلىدىغان تاماقنى يەيدۇ. ئەگەر گۇلليۋېر بىر ۋاخلىقتا 500 گىرام تاماق يېسە، ئۇ ھالدا، گىگانتلار دۆلىتىدىكى بىر ئادەم بىر ۋاخلىقتا $(500\times 1728=864000)$ 864 كىلوگىرام تاماق يەيدۇ.

# بۇ مۇسابىقىغا قاتنىشقۇچىلار

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا:

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، سىلەرنىڭ كۆپىنچە پائالىيىتىڭلار مەكتەپتە ئۆتىدۇ. ھەر كۈنى بەش ـ ئالتە سائەت دەرس ئاڭلايسىلەر. مەشىق ئىشلەيسىلەر... بىلەمسىلەر، سىلەر ھازىر تۇمەنمىڭ ياش ئەۋلاتلار قاتارىدا ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا مۇسابىقىغا چۈشۈۋاتىسىلەر... سىلەر تىرىشچان، سىلەر ئۈمۈتلۈك، سىلەر بەختلىك! ئەنە شۇ بەختلىك ھاياتىڭلاردىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكەن بىر سائەتلىك دەرستىن ياكى بىر كۈنلۈك ھاياتىڭلاردىن بىر پارچە ئەسەر يېزىڭلار. ھېكايە، شېئىر بولسىمۇ، ماقالە، ئەسلىمە بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ژانىر چەكلەنمەيدۇ. پەقەت تەسىراتىڭلارنى ھەققانىيلىق سۈرەتلەپ بېرەلىسەڭلارلا بولىدى.

ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا:

سىلەر بىر نەرسىنى — ھادىسىنى، ھاشارەت بولامدۇ، ئۆسۈملۈك ياكى كۈندۈلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولامدۇ ... ئىشقىلىپ ئاددى بىر شەيئىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ تەتقىق قىلىڭلار، ئاندىن تەتقىقات نەتىجەڭلەرنى بىر ئىلمىي ماقالا قىلىپ يېزىپ چىقىڭلار. (مۇشۇ سان ژورنالدىكى «كۆيىنەك رەڭگىدىكى ئىلىملىق»، «قوم تىندۇرغۇچ»، «توخۇم يېڭىغۇچ» دىگەن ماقالىلاردىكى تەتقىقاتقا ئوخشاش)

ماقالاڭلار پۈتكەندە چىرايلىق كۆچۈرۈپ بىزگە ئەۋە-



AltunOq

تىڭلار. بىز يۇقۇرقى تېمىلاردا ياخشى يېزىلغان ماقالىلارنى تاللاپ ژورنىلىمىزدا ئېلان قىلىمىز. يىل ئاخىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنى باھالاپ ئەڭ ياخشىلىرىنى دەرىجىلەر بويىچە مۇكاپاتلايمىز.

1 - دەرىجىلىك ئەسەرلەرگە $50.^{00}$ يۈەن، 2 - دەرىجىلىك ئەسەرلەرگە $40.^{00}$ يۈەن، 3 - دەرىجىلىك ئەسەرلەرگە $30.^{00}$ يۈەن مۇكاپات سوممىسى ۋە بىردىن شەرەپ گۇۋانامىسى بېرىلىدۇ. (بۇ مۇسابىقىغا پەقەت باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىلا قاتنىشىدۇ.)

## ژورنىلىمىزغا ماقالا ئەۋەتىڭلار

«تارىم غۇنچىلىرى» ژورنىلى 1985 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژورنالغا ئۆزگەرتىلدى. مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى پوچتا - تېلېگراف ئورۇنلىرى مۇددەت بويىچە پەسىللىك، يېرىم يىللىق، يىللىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

ژورنىلىمىزدا «دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندى»، «زېمىنىمىزدا»، «ئەلا باھالانغان تاپشۇرۇقلار»، «ئەدەبىيات گۈلزارى»، «بۈگۈنكى دۇنيا»، «تالانت جاپالىق مېھنەتتىن كېلىدۇ»، «مىللى ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز»، «زېھىن سىناش ئويۇنلىرى»، «ئەينەك» قاتارلىق بىر - بىرىدىن قىزىقارلىق 12 سەھىپە بار. ئىشىنىمىزكى، بۇ ژورنال باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دەرستىن سىرتقى ئۆگىنىش ماتېرى-

ياللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. كەڭ ئاتا-ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە باللار خىزمەتچىلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولالايدۇ. كەڭ ئاپتورلارنىڭ ژورنىلىمىزنى ھەر خىل ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

1. ژورنىلىمىزغا خىلمۇ-خىل پەننى ماقالىلار، زېھىن سىناش ئويۇنلىرى، ئەسلىمە، پوۋېست، درامما، داستان، ھېكايە، شېئىر، چۆچەك، مەسەل، يۇمۇر، لەتىپە، تېپىشماق ناخشا-مۇزىكا ۋە ھەر خىل رەسىملەر قوبۇل قىلىنىدۇ...

2. بۇ ئەسەرلەر باللارغا كوممۇنىستىك ئاڭنى تەشۋىق قىلىشى ھەمدە باللارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە، پسىخولوگىيىسىگە ماس كېلىشى، قىزىقارلىق، ئىخچام بولۇشى لازىم.

3. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تېكىستى بىرگە ئەۋەتىلىشى كېرەك.

4. ئەسەرلەر ئادەتتىكى ئىش قەغىزىنىڭ بىر تەرىپىگە شالاڭ ھەم ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئەسەر بىرلا ئورۇنغا ئەۋەتىلىشى ھەم ئەسلى ئارگىنالنى ئاپتور ياكى تەرجىمانلار ئۆزى ساقلاپ قويۇشى كېرەك. 5 ئايغىچە جاۋاپ بارمىغاندا باشقا ئورۇنلارغا ئەۋەتسە بولىدۇ.

5. شەخسلەر نامىغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

6. ئىشلىتىلگەن ئەسەرلەرگە بەلگىلىمە بويىچە قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

**ژورنال ئادرېسى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى «تارىم غۇنچىلىرى» ژورنىلى تەھرىر بولۇمى.**



« تارىم غۇنچىلىرى » نىڭ تىيانشاننىڭ

جەنۇبى ۋە شىمالىدا يورەكلەپ ئېچىلىپ، شىنـ

ـجاڭدىكى ئۆسمۈرلەرنى كوممۇنىزىم ئىزباسارلىرىـ

ـدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشتە ئۆھپە قوشۇشـ

ـقا تىلەكداشمەن !

مانسۇر قاسىمى

塔里木花朵　　　　（维吾尔文）
（综合性月刊）　　1985年第1期
本刊代号：58－36　定价：0.23元